سىدىقھاجى روزى

# پوبلىستىكا ۋە لېكسىيەلەر

(1)

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى

سىدىقھاجى روزى ئەسەرلىرى

# پوبلىستىكا ۋە لىكسىيەلەر

## (1)

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: سىدىقھاجى روزى

تۈزتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەتنىياز بۇلاق

بەتچىك: ئۇيغۇر سەۋداسى

2017 ـ يىلى 4 ـ ئاي

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



سىدىقھاجى روزى

يېشقەدەم ئىنقىلابچى، ئاتاقلىق ئوبزورچى ۋە يازغۇچى



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق رەئىسى بوش بىلەن ***26/06/2006***



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايىس خانىم
بىلەن بىللە

THE WHITE HOUSE
WASHINGTON

March 4, 2002

Dear Mr. Rouzi:

Thank you, on behalf of President Bush, for your letter of January 23 concerning the unjust imprisonment of your wife, Rebiya Kadeer, in China.

During his Febuary 21-22 visit to Beijing, the President reiterated to China's leadership that the Administration remains firmly committed to the defense of human rights and democracy in China. Members of the President's party expressed our concern about your wife's plight with Chinese authorities, urging that she be freed immediately. The United States Government in Beijing and Washington has repeatedly urged Chinese authorities to end this injustice, and we will continue to do so until Rebiya Kadeer is free.

Sincerely,

Condoleezza Rice
Assistant to the President
for National Security Affairs

Mr. Sidik Rouzi
619 North Pottenger
Shawnee, Oklahoma 74801

ئاق ساراي (ئامېرىكا ۋاشىنگتون) دىن سىدىقھاجى روزىغا يېزىلغان خەت

***(تەرجىمىسى)***

**ۋاشىنگتون ئاق سارايى**

***2002*-يىلى *3*-ئاينىڭ *4*-كۈنى**

**قەدىرلىك روزى ئەپەندىم:**

**رەپىقىڭىز رابىيە قادىرنىڭ خېتايدا ناھەق تۈرمىگە سولانغانلىقى توغرىسىدىكى *23*-يانۋار يوللىغان تەلەپ خېتىڭىزگە ئامېرىكا پرېزىدېنتى "بۇش" نامىدىن رەھمەت.**

**پرېزىدېنت *2*-ئاينىڭ *21-22*-كۈنلىرىدىكى زىيارىتىدە جۇڭگونىڭ باشلىقىغا جۇڭگونىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيىسىنى نوقتىلىق ئوتتۇرغا قويىدى. بىزنىڭ تەلىپىمىزنى پرېزىدېنت ئەزالىرى رەپىقىڭىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قېيىنچىلىقىنى ئوتتۇرغا قويۇش ئارقىلىق، رەپىقىڭىزنى قويۇپ بېرىشكە قىستىدى. بېيجىڭدىكى ۋە ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ھەقسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى، بىز تاكى رابىيە قادىر ئەركىنلىككە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرىمىز.**

**ھۆرمەت بىلەن**

***(ئىمزا)***

***Condoleezza Rice***

**دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى پرېزىدېنت كاتىپى**

**سىدىق روزى *(ئادرېس)***

## پوبلېستكا ۋە لېكسىيلەر

### مۇندەرىجە


سىدىقھاجى سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى...1
رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى .............................................. 26
كىرىش سۆز .............................................. 36
ئاقسارايغا يېزىلغان خەت .............................................. 49
ئىككى دۆلەت سۆھبىتى ..............................................52
بىڭتۇەندە قورالللىق توپىلاڭ ..............................................54
ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ..............................................58
لوندۇندا ..............................................61
ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن ئىمىش ..............................................63
سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى ..............................................65
چىراق ياققان ئومۇمى كېچىرىم ..............................................68
ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيىسى ..............................................71
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ..............................................72
ئوتتۇرا ئاسىيا ..............................................76
ئېيتقىنا قەشقەر ..............................................79
قىسقىچە مۇلاھىزە ..............................................83
خاتىرىلەش ..............................................84
باھا ..............................................87
خۇياۋ باڭنى خاتىرىلەش ..............................................89
جۇڭگو ياپونىيە مۇناسىۋەتلىرى.............................................. 92
خىتاي ئىككى تۈرلۈك قانۇنغا قول قويدى ..............................................94
باياناتچىنىڭ باياناتىغا باھا .............................................. 97

ئاخبارات ئەركىنلىكى بولمىغان يەردە، ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ .................................................... 100
يېڭى يىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇتلۇق باشلاندى ........................ 103
تەھدىت بىلەن باشلانغان يېڭى بىر يىل ........................ 106
ئىككى خىل قىسمەت ۋە ئىككى خىل قىممەت ...................... 110
تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتى يەنە جىددىيلەشتىمۇ؟ .................... 114
ئىسمايىل تىلىۋالدىنىڭ دوكلادىغا باھا ........................... 117
تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تەبىرى ..................................................118
باج ئېلىش خىزمىتى بىلەن ئاتالمىش نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟....................................................119
ئالدامچى كۆچمەنلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلىرى ........... 123
دۇنيا سودىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ................ 127
بوھرانغا پېتىپ قالغان خىتاي جەمئىيىتى ...............................131
ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ «شېرىن ئايلىرى» ئاخىرلاشتى.....133
قارا نوپۇس ئۇيغۇرلار..........................................................136
خىتاينىڭ دىپلوماتىك پائالىيىتىگە باھا ...............................139
مەدەنىيەت «قىزغىنلىقى» ۋە مەدەنىيەت يوقىتىش ۋەھشىلىكى.....143
دۇنياۋى خىتاي تەھدىتى ۋە مەھكۇم مىللەتنىڭ تەقدىرى ...........147
تىبەت بىلەن بېيجىڭنىڭ سۆھبىتى ......................................149
ۋاڭ دارىن نېمە دەيدۇ؟ .....................................................153
ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئۇرۇشۇپ قالامدۇ؟ ..............................156
تاپاۋەت پەرقى ۋە تەخسىمات كىرىزىسى ...............................158
قانداق كۈزىتىشلەر بۇ؟ .....................................................161
ئىسلاھات ۋە ھەل قىلغۇچ دەۋر .........................................165
تەيۋەن بوغىزىدا بوران-چاپقۇن ۋە گاڭگىراپ قالغان جۇڭنەنخەي ..168
تەيۋەن بوغىزىدا چۇقان – سۈرەن ئاخىرلاشتىمۇ؟ ...................171

«مىللى بۆلگۈنچىلىك» بۇ ئۇقۇمنىڭ تەبىرى توغرىسىدا ..............174
ئاياللار ھوقۇقى ۋە ئايالالرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى .................... 177
ھالۇ – دەردىنى سۆزلەپ بېرىش دىپلوماتىيىسى ......................180
ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى ئۆتكۈزۈلدى ..........................................................183
ئاق سارايىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى دوكلادى ھەققىدە ئىككى شىڭگىل پاراڭ ..............................................................188

## سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى

### سىدىقھاجى روزى

يېقىندا" ئازادلىق" تور بېتىگە بىر نەپەر يېڭى كىشى ئىنكاس يېزىپ مېنىڭ يەنى سىدىقھاجى روزىنىڭ سالا ھىيىتى نېمە دەپ سوراپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۆۋەندە سالاھىيىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ كىشىگە سۆزلەپ بەر گۇچە ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مېنىڭ سالاھىيىتىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ قويىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورىغان بۇ كىشى، ھازىرغىچە 32 ھەرىپنىمۇ ئۆگەنمىگەن كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.
بىلەلمىدىم. بۇ كىشىگە قانداق سالاھىيەت كېرەك، ئىكىنە؟ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى سالاھىيىتى نېمە ئىكىنە؟! بۇ كىشىنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سوراپ يازغان ئىنكاسىغا تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىككى كەلىمە كەلتۈرۈپ قويدۇم.

1

سىدىقھاجى رۇزى 1944- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاتۇش ناھىيە-ئازاق يېزا -مەيى كەنتىدە قارى قۇرئان، ئىقتىسادى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 1949-يىلى 10- ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەرخىل ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، 1952- يىلىدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەركىبلەرگە ئايرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ جامائە بۇلۇپ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ قارشىلىق كۆرستەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى .ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشت بىلەن ئىشتىنىڭ ياكى ئىشت بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.
دادىسى رۇزى قاري1952 -يىلى پومېشچىك تەركىبكە ئايرىلدى . ئائىلىۋى مال -بىسات، ئىسكىلات-قازناق، ئېغىلدىكى ئات-ئۇلاقلارنى

مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى .سىدىقھاجى رۇزى كىچىك ئىدى.ئانىسىنى بىر تەرەپكە، دادىسىنى بىر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ قويىدى زامان زورىۋانلىرى".قەلەندەرلەر "ئىسكىلاتتىن بۇغداي قاچىلىغان تاغارنى ژۇدۇپ مېڭىشاتتى، ئېغىلدىن ئات-كالىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى . مۇسادىرە قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن خىتاي ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ تاماكا شوراپ چەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇيغۇر -ئۇيغۇرنى بۇلاۋاتاتتى .دادام قولۇمنى تۇتۇپ ئالغان ئىدى دەيدۇ، سىدىقھاجى رۇزى -قورقۇشتىنمۇ ياكى غەزەپتىنمۇ دادامنىڭ قولى تىترەيتتى1952 .-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دادىسى رۇزى قارىغا زومگەر پومېشچىك قالپىقى كەيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلاندى .1955-يىلى11 - ئايدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى سىدىقھاجى رۇزى ئائىلىسىگە دادىسى رۇزى قارىنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

سىدىقھاجى رۇزى1961 -يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇش شەھرىدە تولۇق پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى9 -ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇنۋىرسىتتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇشقا كىردى1966 .-يىلى9 - ئايدا ئالى مەكتەپنى تاماملىشى كىرەك ئىدى .بىراق،شۇ يىلى5 -ئايدا خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى .دەسلەپ قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەكتەپ بويىچە ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى- ئىسمايىل ئابدۇراخمان، سىدىقھاجى رۇزى ئەكسىيەتچى،مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار دېيىلىپ، تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلىندى .كېيىن تامغا چاپلانغان" چوڭ خەتلىك گېزىت "نى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن رەھمەتلىك ئىسمايىل ئابدۇراخمان ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە 6 ئاي قامالدى .سىدىقھاجى رۇزى مەكتەپتە تۆت يېرىم قەۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا نەزەربەنت قىلىندى .ئىبراھىم سۇلايمان ] قازاق[،ئالىمبېك ]قازاق[، نىزامەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ سىدىقھاجى روزىنى نازارەت قىلاتتى .تاماقنى ئەكىلىپ بېرەتتى، تەرەتخانىغا نازارەت ئاستىدا چىقىپ كىرەتتى.

1966-يىلى11 -ئايغا كەلگەندە" ئوقۇغۇچىلارغا زەربە بېرىش"، "ئوقۇغۇچىلارنى تارتىپ چىقىرىش"،" ئەكسىيەتچىل سىياسى يول " دېيىلىپ تەنقىدلىنىپ سىدىقھاجى روزى نەزەربەنتتىن بو شۇتۇلدى . تارتىپ چىقىرىلغان باشقا ئو قۇغۇچىلار ھەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .
1966-يىلى11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىدا "قىزىل3 - باتالىيۇن " مللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى ئاۋۋال قۇرغان كىشى كىم؟ سىقھاجى روزىنىڭ قازاق ساۋاقدىشى ئالىمبېك ئىدى.[بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئوقۇغۇچىلارغا "4چوڭ ئەركىنلىك" بېرىۋەتكەن، ئۇقۇغۇچىلار نىمە تەشكىلات قۇرىمەن دېسە ئەركىن ئىدى]. ساۋاقدىشى ئالىمبېك بىلەن سىدىقھاجى روزى ئوتتۇرىسىدا دىئالوگ مۇنداق باشلاندى :
- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سىنىپى كۆرەش بىلەن باشلاندى، شۇنداقمۇ؟
-شۇنداق.
-كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، شۇنداقمۇ؟
- ئەلۋەتتە شۇنداق.
- بۇ ھوقۇقدارلار ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتلەرگە قارشى يول تۇتقان ئىكەن، ئەجىبا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار، ماۋزېدوڭ ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن مللى سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلغانمۇ؟
-بۇ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىكەنغۇ؟
- " ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ"، "مللى كۆرەش تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپى كۇرەش مەسلىسى"، دېگەن ئىدىغۇ؟
- راست شۇنداق دېگەن. بۇگۇن بۇ سۆز "ئەڭ ئالى يولىيۇرۇق " بۇلۇپ قالدى.
- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايوندا سىنىپى كۇرەشنى تۇتقا قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا مللى مەسلىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايوننىڭ سېكرىتار خىتايلىرى چوڭ-چوڭ سىياسەتلەردە خاتالىق سادىر قىلسا، مىللى سىياسەتتە پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنمۇ؟
نېمە قىلىمىز، دېمەكچىسەن؟
-قېنى ساۋاقدىشىم ئالىمبېك، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟- مەن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ئوقۇغۇچى ئايرىلدىم. ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلات قۇرالمايمەن، سەن تەشكىلات قۇرۇپ چىق. مەن ئارقاڭدا تۇرۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن دېدىم.
"قىزىل 3-لىيەن" مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا 1966-يىلى11-ئايدا قۇرۇلۇپ چىقتى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتقا ساۋاقداشلاردىن 9نەپەر كىشى قاتناشتى. 1968-يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشلەرنىڭ سانى 2مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.ئايتان رەئىس بولدى.
"قىزىل3 -باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى بىر يىل دېگۈدەك ئۇرۇمچىدە ئانسامبىلنىڭ تېمىغا " چوڭ خەتلىك گېزىت "چاپلاپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مىللى سىياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان "مېنىڭ باياناتىم"، ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە "چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ، ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلانغاندا ئۇرۇمچىدە كاتتا غۇلغۇلا باشلاندى .
مەمتىمىن ئىمىنوپ1967 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا " ئىسيان" كۆتۈرۈپ، "قىزىل3 -باتالىيۇن " مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتتىغا كېلىپ كادىرلار ياتىقىدا يالغۇز ياتاقتا يېتىپ قوپاتتى. مىللى ئۇقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن كېچىسى ھەمرا بۇلۇپ قوغدايتتى. رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان ماقالىسىدا 1962-يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن، 20مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، خىتاي ھاكىم خەيرۇي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ۋەقەسىنى پاش قىلغان ئىدى.

مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي. 1966-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تېگىشلىك ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ھاكىمىيىتى 1967-يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئاساسلىق مائاشىنى 60 يۈەندىن بېكىتىپ مۇئاش تارقاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ چاغدا بىر كىلوگرام گۆشنىڭ پۇلى 7- 8 تەڭگە ئىدى، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى بىر تەڭگە ياكى ئىككى موچەن، ئاچارچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن چاغلار ئىدى.

مەن بوىتاق ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا مېھمان چاقىردىم. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكانتى رەھمە تىلىك زىكرى ئەلپەتتا، يازغۇچى رەھمە تىلىك ئەرشىدىن تاتلىق، تىلشۇناس مىر سۇلتان ئوسمانوپ ( ھازىر ھايات. لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە 7يىل ياتقان، سىياسى مەھبۇس، مىنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مىر سۇلتان ئەپەندى" ئۇيغۇرنامە"نىڭ ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرىنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىكەن.) يەنە ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم مىنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.

مۇئاۋىن رەئىس رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ بىر ئوھ تارتىپ :

- -زىكرى، چالساڭچۇ! فېئۇنېر ۋاخلىرىڭدا چالغان ناخشىلارغا ( فېئۇنېر ۋاخلىرىڭ دېگىنى قاپاقنىڭ بوينىغا قىزىل لاتا باغلاپ دۇكانغا ئېسىپ قويۇپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكانلاردا چالغان ناخشا-مۇزىكىلارغا چالساڭچۇ دېگىنى ئىكەن.بۇ بىر خىل ئۆز ئارا قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بولسا كىرەك) چال ! زىكرى ئەلپەتتا رەھمەتلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق چالدىكى، مەمتىمىن ئىمىنوپ كۆزىنى ژۇمدى ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىگە ساقىپ چۈشتى. ھەممىمىز مىشىلداپ كەتتۇق. ئىمىنوپ:

-چال، زىكرى چال! ئۆستەڭ ناخشىلىرىغا چال! چال! ئەرشىدىن تاتلىق رەھمەتلىك بىر مەيدان ئاخىرلاشقىچە يىغلاپ توختىمىدى...

2

"قىزىل 3- باتالىيون " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئوقۇغۇچىلىرى، "چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ماقالە يېزىپ ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلاپ تۇراتتى. " بىگىتشۆەنىنىڭ ئاپشاركىلىرى 80 يۈەندىن پۇل خەجلىگەندە،ئالتايدا قازاقلارنىڭ ئىرىمچىككە قوسۇغى تويمىدى"، " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن- قەيەرگىچە"،" ئۇيغۇرلار كۆچمەنلەرنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ"،"شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق، تاغلىق،چۆللۈك رايون،سۇ مەنبەسى كەمچىل ئارتۇق كۆچمەن قوبۇل قىلالمايدۇ"،"ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونغا ۋاڭ ئېنماۋ سېكىرېتار بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر سېكىرېتار بولۇشى كېرەكمۇ؟"،،، خىلمۇ خىل پىكىرلەر "چوڭ خەتلىك گېزىت" ئارقىلىق ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئاممىسى بۇ تامنى كېچە- كۈندۈز ئاگىلىق ياكى ستىخىيىلىك ھالدا قوغدايتتى، "چوڭ خەتلىك گېزىت" نىڭ ئۈستىگە "قىزىل 3- باتالىيون " ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قەغەز چاپلىشىغا يول قويۇلمايتى. بۇلۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاكىمىز تۆمۈر ئەپەندى، ئاپشاركا ئىشتىنى يېتىلەپ كىلىپ. "چوڭ خەتلىك گېزىت"چاپلانغان تامنى قوغدايتتى.[ رەھمەتلىكنىڭ ياتار جايى جەننەت بولسۇن]

سىياسى نەزەرىيىلەرگە ۋە ماركسىزمغا مۇناسىۋەتلىك مەسلەن، ماركسىنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىلەرنى مىللەتلەر مەسىلىسىگە قانداق تەتبىق قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان سېلىشتۇرما ئۇقۇملۇقلاشقان ماقالىلارنى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن يازغۇچى ئۆمەر غازى(قازاق) قاتارلىق زىيالىيلار يېزىپ بېرەتتى.ئۇقۇغۇچىلار بۇ سەۋىيىلىك يېزىلىدىغان ماقالىلارنى يازالىغۇدەك سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەن.ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈندە ئىككى سائەت بەزىدە 4 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخپى يىغىن ئاچاتتۇق، شۇ ھەپتىلىك قىلىدىغان

ئشلرىمزنى بەلگىلەيتۇق، يغىنغا رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئوسمانجان ساۋۇت ( يېقىندا ۋاپات بولغانلىقى ئۇچۇن ئىسمىنى ئاشكارە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر.... دوستۇممۇ رياسەتچىلىك قىلاتتى.( بۇكشى ھازىر ۋەتەندە ئىسمىنى ئاشكارىيالمايمەن) يەنە بىر ساۋاقدىشىممۇ...... (بۇ كشى ھەم ۋەتەندە ئىسمىنى ئاتىيالمايمەن ) شۇ دەرىجدە يەنى ئايتان دەرىجىلىك رياسەتچىلىك قىلاتتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇلتاشتەك ئىناق ئىدۇق. بىر - بىرىمىزدىن نام ئاتاق، شان-شەرەپ تالاشمايتۇق، لىدىرلىك، رەئىسلىك تالاشمايتۇق. ئۇ بەشكىرەملىك بۇ قورغاسلىق، ئۇ تارانچى، بۇ قاراقچى، دەپ يۇرتۋازلىق قىلىشمايتۇق.ئەسلدە يۇرتۋازلىق ئىپتدايى ئايۋاننىڭ شەرتلىك رىپلىكس ئارقىلىق رول ئويناي‌دىغان ئىپتدائى قىزغانچۇقلىقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئادەملەردە بولسا تۇغما ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يېلىنجاپ تۇرىدىغان رەشك ئوتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق رەشك ئوتى ساۋاتسىز، قارا قورساق، ئىلىم -بىلىمسىز ئادەملەردە تېخىمۇ ئۆتكۈر بولاتتى. لېكىن يەنە بۇ يەردە باشقا بىر ساۋاقدېشىمنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلىيالمايمەن.( بۇ كىشى ھازىر ئوتتۇرا ئاسيادا مەلۇم دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ)

1968-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ياكى بۇ كۈندىن باشقا بىر كۈنى بولسا كېرەك، ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن 5-ئاي ئىكەنلىكىگە سۆز كەتمەيدۇ. 2000 دىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتتىنىڭ ئۇيغۇر -قازاق ئوقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن نامايىش قىلىپ چىقىپ، ئۆرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى.(1962 -يىلى يۈز بەرگەن 29-ماي ۋەقەسىنى خاتىرلەش نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ مەقستى ئىدى.) بۇ كۈنى بۇ جىددى يىغىنغا بىر مىليۇندىن ئارتۇق ئۈرۈمچى خەلقى، ھەتتا20 مىليۇن ئۇيغۇرىستان خەلقى ئارىلاشتى، قاتناشتى دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. (بۇ يىللاردا ئاپتونوم رايون دېگەن يەردە ھۆكۈمەت يوق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆزى3" - باتالىيۇن "

ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى"غا قارىتىلغان. كىمدۇ بىرسى تور بېتىگە خەتچەك يېزىپ، بىردەم 2000 دەيدۇ، بىر دەم 15000 دەيدۇ، قايسى راست ؟دەپتۇ. ھەممىسى راست. چۈنكى، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن، ئۇيۇشتۇرغان ۋە بۇ نامايىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تۈرمىدە ياتقان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئىش راست ئىش، بۇ تارىخ ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى ياراتقان راست تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈنكى قويمىچى، قورساق باقتىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئەلۋەتتە يالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى نامايىشتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق نەپ پايدا تەگمەيدۇ. شۇ گا ئۇلارنىڭ جان بېقىش پەلسەپىسىگە ئاساسلانغاندا "ئىشسىزلار نامايىش قىلىدۇ، ئىشى بارلار نامايىش قىلمايدۇ.)

تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئايتان ئوسمانوپ نوتۇق سۆزلىدى:

"- مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەت تەڭلىكىنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئۇقۇملاشقان مەنىسى نېمە ۋە بۇ نە زەرىيىنىڭ ئىجرائىيەتتىكى ئەمەلىيتى، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ مەمۇرىي بىرلىكنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى نېمە؟،،،،، "ئۇ كۈنى ساۋاقدىشىمىز ئايتاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بەك دەبدەبىلىك، بەك جۇشقۇن،مەزمۇنلۇق، بىۋاستە قاراتمىلىقىقا ئىگە بولغان نوتۇق ئىدى. ئەتراپىقا توپلانغان بىر نەچچە مىڭ ئامما قۇلاق بېرىپ ئاڭلاپ تۇراتتى، كۆز يېشى قىلاتتى.ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللىغۇچىلار، ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىدە ماڭغۇچىلار، نامايىشقا ئۇزۇتۇپ قويۇپ مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىچىدە قالغۇچىلار، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى، شۇ قاتاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، "ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش" ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇلۇپ تەخمىنەن 15مىڭ 20مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە "تاماشا" كۆرۈۋاتاتتى ياكى شۇ كۈنكى نامايىشقا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتىراك قىلغان

ئىدى.شۇئار توۋلايتتى، ئارزۇلىرىنى ھەرىكەت ۋە شۇئار ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى. ھەقىقى ئىنقىلاب قانداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا، قورقۇنچاقلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا،يول ياقىلاپ ئەگىشىپ ماڭغانلارمۇ نامايىشچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئاندىن ھەقىقى ئىنقىلاب ئوتتورىغا چىقاتتى.( قانداق قىلىمىز زاماندashلىرىم،ئۇيغۇر خەلقى ئوقىنمۇ چالا ئاتىدىغان، نامايىشنىمۇ چالا قىلىدىغان بىر خەلق ئىكەن.)

شۇ كۈنى ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىم ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبى قوۋۋۇق ئايلانمىسىغىچە نامايىش قىلىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن تەشكىللىدى.بۇنداق قىلىش - ھەرىكەت ئارقىلىق جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى.

مەن ئانسامبىلنىڭ ئۇدۇلىدا يەنى يولنىڭ شەرىق تەرىپىدە قىردا ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلدىم. ئايتان بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا ساۋاقدىشىم (ئەمەت...) ئالاقىچىلىك قىلاتتى.مېنىڭ قولۇمدا بىر جىگدەك خام گۆش بار ئىدى، قەيەردىن ئالدىم بىلمەيمەن، ياكى بىرسى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدىمۇ بىلمەيمەن ياكى بىر خىل نىقاپلىنىشمۇ

بىلمەيمەن.نامايىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ بىر ھەرىكەت قىلىپ -گۆش سېتىپ ئېلىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولدۇممۇ بىلمەيمەن. ( كىچىرىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! مەن شۇ چاغدا 22 ياشلىق بالا، نامايىشقا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىممۇ 20- 22 ياشلىق باللار ئىدى.)

ئەمەت... يۈگۈرۈپ كەلدى،- مەركەزدىن جۇئېنلەي تېلېفون قىلىپتۇ...(تېلېفون "ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" ناملىق خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەن)

-نېمە گەپ ئىكەن؟

-ئايتاننىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ تېلېفون ئېلىشنى تەلەپ قىلدىكەن.

-ئايتان بارالمايدۇ، نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار. دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ئوسمانجان ساۋۇت تېلېفون ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى. جۈئېنلەي:

-ساۋاقداشلىرىم !ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا،شىنجاڭ ھەربى رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن،-نامايىش قىلىپ سوۋېت رېۋىزونېستلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار! سىلەرگە ئىشىنىمەن،ئۈزۈم ئالدىراش، كاتىبىم گو كاتىپنى تېلېفوننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم، گېپىڭلار بولسا گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار!

جۈئېنلەينىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان باياناتى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلدى، جىددىيلىك پەسەيدى، (ئەسلىدە جۈئېنلەينىڭ دېگەنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىش ئىدى. بالىلىق قىلدۇق.) ئوقۇغۇچىلار تارقىلىشقا باشلىدى.(شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان قوراللىرى بار ئىدى دەپ كېيىن ئاڭلىدىم.لېكىن ئۈزۈم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن) ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرىق تەرەپ قىرغىقىدىكى رېستۇران ۋە پوچتا خانىنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بىر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىپ تۇراتتى بىر تەرەپتىن فىلىمۇتنى بەتلەپ نامايىش مەيدانىغا قارىتىپ قويغان ئىدى...

3

ئو قۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە خىتاينىڭ ھەربى رايونى كىچىدە شىنجاڭ ئۇنۋىرسىتىتىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، خىتاي ئو قۇغۇچىلار تەشكىلاتى" ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، مىللى مۇناپىق تۈردى ئابدىرېھىمنى (يەنە بىر ئىسمى تۈردى شىڭلى) ئالدىغا سېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ياتاققا

باستۇرۇپ كرىپ، مەمتىمن ئىمىنوپنى قوغداپ ياتاقتا بىللە ياتقان ساۋقدىشىمىز غوپۇر قادىرنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۇرۇپ،ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمن ئىمىنوپنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار يەنە نامايىشقا تەييارلانغاندا،"شىنجاڭ "ئۇنىۋېرسىتېتى ئاللىقاچان ھەربى رايوننىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىنغان. ھەربى رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئۇلاتايىپ بىر باتالىيون ئەسكەر باشلاپ كېلىپ،مەكتەپ ئىچىدە ئىشخانا قورۇۇشقمۇ ئۆلگۈرگەن. (كېيىن كېسەلگە باھانداپ رەھمەتلىك ئىمىنوپنى باجىياخۇ تۇرمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئاپتونوم رايونلۇق 2-دوختۇر خانىغا ئېلىپ كىلىپ قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ،1970-يىلى 5-ئاينىڭ29 - كۈنى ئۆلۇم جازاسى بېرىلگەن 9 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا تاغ بۇلاق جازا مەيدانىغا دەپنى قىلىنغان. قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ مەمتىمن ئىمىنوپنى ئۆلتۇرگەن ئۇيغۇر دوختۇر ھازىر ھايات، شۇ كۈندىن باشلاپ بىر دوختۇر خانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ...... (بۇ ھېكايىلار مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىلاردۇر)
ئوقۇش پۈتتۈرگەن، لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغان ئوقۇغۇچىلارنى 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاي-جايلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.مەن شۇ چاغدىكى ئاياللىم بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى 12-ئايدا قېچىش توغرۇلۇق تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ تېلېگراممىنى ماڭا كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن... ھەم ئەسلىيەلمەيمەن.1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى بۆرتالا - ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم. ئاۋۋال ئوبلاستلىق تۈرمىگە كېيىن بىڭتۇەننىڭ تۈرمىسىگە 15كۈن قاماپ قويىدى.2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتىراپىدا ئۈرۈمچى- لىيۇ داۋەن تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى.شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايتان باشلىق 9 نەپەر ئىنقىلابچى ساۋاقدىشىم، بىر نەپەر

قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۆرتالا ئارشاڭ ئارقىلىق قېچىپ ھازىرقى قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتتى.( بۇ ھېكايىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىنىڭ ئىچىدە،بىر قىسمىنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىدىم)
1969-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى دوستۇم ساۋاقدېشىم ئېركى-ئەركىن، (موڭغۇل)، رەھمەتلىك ساۋاقدېشىم ئابىت، ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى قازاقىستاندىن ئۇيغۇرىستان ۋەتىنىگە كىرىپ كەلدى. تۇيۇپ قالغان خىتاينىڭ رازۋېت ئورگانلىرى شۇ كۈنى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى پۈتۈن "شىنجاڭ" مىقياسىدا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، ئاختۇرۇشقا، تىنتىشقا باشلىدى. بۇ يىگىتلەرنى مەقسۇس بىر ئاپتۇ بۇسنى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىدە رىمۇنت قىلدۇرىمەن دەپ، باھانە تېپىپ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن شوپۇر ئىسمايىل ئەپەندى، ئاپتۇ بۇسنى يىقىلغان تاشتا توختىتىپ، ئىككى ساۋاقدېشىمنى شەھەرگە ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە سايۋاغ رايونلۇق ئەدلىيە باشلىقى باقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. تىنتىش، ئاختۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.ھەتتا خىتاينىڭ كاماندوروپكىغا چىققان ھەربىلىرىنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن، ئۈرۈمچىدە پۈتۈن مەكتەپلەر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان.ئىككى نەپەر ساۋاقدېشىم ئىشنى تاماملاپ قېچىپ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇيەردە كـۈتــۈپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىز، بۇ ئىككىسىنى سوۋېتلەر سالغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالىكونىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كىرىست شەكىللىك مىخلاپ بولقىنى ئەمدى يو شۇرۇپ تۇرۇشىغا خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرگەن. بالىكوندا ئەسكى كىگىزنىڭ ئاستىدا ئىككى كۈن ياتقان بۇ ئەزىمەتلەر،ئۈچىنچى كۈنى يىقىلغان تاشقا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ قولىغا تا پشۇرۇپ بېرىلگەن.قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە چېگرا رايوندا قوغداشنى كۈچەيتكەن بىگىتۋەنىنىڭ قوراللىق كۈچۈكلىرى ئىككى ئەزىمەتنى بايقاپ قالغاندا، قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇلار ئالاقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بېتەرەپ رايونغا كىرىپ بولغان. خىتايلار ئۆز

تەۋەلىكىدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارغانۇ، لېكىن بىتەرەپ رايۇنغا قارىتىپ ئوق چىقىرالمىغان. ساۋاقدېشىم ئېركى ھەزىل قىلىپ...ئاتە-ئاتە،ئاتىدىغان يەرگە ئاتامىسەن دېگەن. رەھمەتلىك باقى ئەپەندى ئۈرۈمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا، رەھمەتلىك ئىسمايىل ئەپەندىلەر ئالتايدا، 1970 - يىلى 5-ئايدا خىتاينىڭ باستۇرۇشى ئارقىلىق ۋاپات بولغان.
بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان دوستۇم.....ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. دوستۇم ئېركى بۇ ھېكايىنى قانداق سۆزلەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئەھۋاللاشمىدىم.

4

1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئۈرۈمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ،ئاپتۇبۇسقا سېلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ توقسۇننىڭ تۈرمىسىدە، قارا شەھەرنىڭ تۈرمىسىدە، كۇچانىڭ تۈرمىسىدە تۈنىتىپ، قوندۇرۇپ ساقچىلار يالاپ ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەمەت سەلەينىڭ باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. مەمەت سەلەي مېنى ئاپىرىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ نېمە ئىش ؟ مەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئادەمغۇ ؟! مەن، توپ توغرا 3ئاي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە ياتتىم،1977 -يىلى10 -ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ 1978-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى خېنىم رابىيە قادىر بىلەن توي قىلدىم. 1980-يىلى 4-ئايدا ئاقسۇدا رابىيە خېنىم ئىككىمىز تەسادىپ بىر ئەھۋالدا نامايىش تەييارلىدۇق، (يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى زامان كەڭرىپ كەتكەن، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سوت قىلىنىۋاتقان، ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى جياڭ چىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان يىللار ئىدى) نامايىش

تەييارلاشقا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى، يەنى ختاي ساقچى ئۆلتۈرۈۋەتكەن 17 ياشلىق يولۋاس دېگەن يىگىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمدە مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كىشى ئىدى.... شۇ كۈندىن باشلاپ، 1982-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىپتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۇرۇنلاشقىچە، شاڭخەي، گۇۋاڭجۇ قاتارلىق ختاي شەھەرلىرىدە رابىيە خېنىم بىلەن ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ سودا- تىجارەت قىلدۇق.
1989-يىلى 12ئاينىڭ 25-كۈنى كىچىك قىزىم قەقنۇس تۇغۇلدى. ختاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە قارشى چىققان ئوخشايمىز.تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىرغا 50مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.ماڭا 2مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە دوتسېنتلىققا يوللىغان تەرجىمىھال، ماتېرىيالىمنى بىكار قىلىپ ئۈنۋان ئېلىش سالاھىيتىمنى ئېلىپ تاشلىدى. 1993-يىلى9 -ئايدا توختام بىلەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ رابىيە قادىرنىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان سودا -تىجارىتىگە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇپ ياردەملەشتىم.
1994-يىلى جەمئىيەتتە بىر غۇلغۇلا-" ھەربى رايوننىڭ مۇزىكانتى ۋاڭ لوبىڭ ختاي- ئۇيغۇر- قازاقنىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرىنى مەن ئىجات قىلدىم دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ"، دەيدىغان پىكىرلەر ئېقىپ يۈرەتتى.يەنە بىر فىلىم ئۇيغۇر بىلەن قازاق مىللەتلىرى ئوتتۇرسىغا زىددىيەت سالىدىغان "فىڭ خانىم" ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ختاي يازغۇچىلار ئېكرانغا چىقىرىپ، "قازاقلار تارىختا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان "دەيدىغان سەپسەتىۋى جامائەت پىكرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قازاق زىيالىي قېرىنداشىمىز تەلەۋقان ختاي تىللىق" شىنجاڭ گېزىتى"دە " شىنجاڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس" ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. توۋۋە، ئاتالمىش" شىنجاڭ "، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇرىستان كىمنىڭ زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇر نىڭ زېمىنى بولماي كىمنىڭ زېمىنى

بولشى كېرەك ئىدى، قازاغىم ؟ بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ ۋە خىتاينىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ نېمشقا قازاقنى ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇرنى قازاققا كۆشكۈرتمەكچى بولدىڭىز ؟ زىددىيەت سېلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئەسلى گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئادەت بولغان ئۇسۇل-چارە ئەمەسلىكتە، نەسلى كوممۇنىست ئەسلى خىتايلارغا مىراس قالغان بولمامدۇ؟ كىچىكتۇرۇشكە بولمايتى. شۇڭا مەن، "نەپسىڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ"، " فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشىغا باھا" ماۋزۇلۇق ماقالىلارنى يېزىپ "ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى"دە ئېلان قىلىپ يۇقىرقى كىشىلەرنى تەنقىد قىلدىم، خىتاي يازغۇچىلارنىڭ تارىخ قاراشلىرىغا رەددىيە بەردىم. بۇ ماقالىلار ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئۇيلاپتىمەن،ناخشا -مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ئىدى، خىتاي ۋاڭ لوبىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ، مەن بۇ خىتاينى تەنقىد قىلدىم...ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ نامايىشقا چىقسا، قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەپ، ئۇيلاپتىمەن.نەدىكىنى؟ ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ ياكى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز ئادەملىكىمگە باھا بېرەلمەي كەلدىم. مۇستەملىكە مىللەتنىڭ غۇرۇرى مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ چەكتىن ئالقىغان ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، كىشىلەر سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللى غۇرۇرىنى قوغدىشى، نۇمۇس-كۆچىنى ئاقلىشى كېرەكمۇ ياكى جان بېقىشنىڭ كوچىسىدا لاي- پاتقاققا مىلىنىپ يۇرۇشى كېرەكمۇ؟ ئاۋۋالقىسى توغرا بولۇپ، كېيىنكىسى خاتا بولسا، مەن" ئەقىللىق "ئادەم ئىدىم، مۇبادا ئاۋۋالقىسى خاتا بولۇپ،كېيىنكىسى توغرا بولسا مەن "دۆت "ئادەم ئىدىم. بۇگۇنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس يۇرەكلىك. لېكىن " مەن ئەقىللىق" ئادەم بولۇش بىلەن "دۆت " ئادەم بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە قايمۇقۇپ كەلدىم. لېكىن باشقا" ئەقىللىق "ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار "جان بېقىشنىڭ تەڭلىمىسى"نى ئىجات قىلىشىپ يۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىدە يازغان ماقالىلىرىم خىتايغا ئېغىر كەلدى. بۇلۇپمۇ دوستۇم شائىر

ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ " رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىم خىتايغا هەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى.چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكىلىق ئاپتورى جون گارۋېر ئەپەندى "يالتا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ،"موسكۋا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ تارىخى جەريانىنى 60% ئەتراپىدا پاش قىلغۇەتكەن. بىز كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.خىتاي بۇنداق بولۇشىنى خالارمىدى؟

1995-يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى فىڭ داجىن، مەن يېزىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالىلىرىمنىڭ مەزمۇنىغا هۇجۇم قىلىپ:" مىللەتچى، شوۋىنىست، تارىخنى بىلەمدىكىن؟"دىدى.شۇ قېتىمقى تەتقىقات يىغىنىدىن خۇلاسە چىقارغاندا،"شىنجاڭ گېزىتى" گە ماقالە يېزىپ فىڭ داجىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىماي تۇرۇپ تەنقىد قىلدى.فىڭ داجىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات يىغىنىدا مېنى تەنقىدلەشكە باشلىغاندا، شۇ يىغىنغا قاتناشقان مايىنۇر قاسىم، هەتتا ساۋدانوپ ئەپەندىلەر:

ن- نېمە دەيسەن، ناخشا - مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسى، سىقھاجى رۇزى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە تەنقىدچى، ئۇنىڭ تەنقىدلەش هوقۇقى بارمۇ ياكى سەن ئۇنىڭ هوقۇقنى تارتىپ ئالدىڭمۇ، دېيىشتى. قارىغاندا ئۇينىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا تۇۋۇقى سىرقىرايدۇ دېگەن ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى «مەن ئىجاد قىلدىم»، مېنىڭ ناخشام دەپ مۇتىھەملىك قىلغان خىتاي ۋاڭ لوبىڭنى مايىنۇر قاسىممۇ، ساۋدانوپمۇ ئەيىپلىمەكچى بولغان ئىدى. فىڭ داجىن سىگنال بەردى، قولغا ئېلىش... ئۇ «شىنجاڭ» مائارىپ ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ: سىدىقھاجى رۇزىغا سىلەر چېقىلماڭلار، بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز، دىدى. قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟! ئايالىم رابىيە قادىر:

- قاچ، سدىق قاچمساڭ بولمايدۇ، قۇرداشلىرىڭ ۋە دوسلىرىڭنىڭ ھالى شۇ. بىز ئەمدى دەۋانى چەت ئەلدە قىلىمىز، قاچمساڭ بولمايدۇ.
نەگە ؟
-ئوھوي...!
-نەگە؟
-ئوتتۇرا ئاسياغا...
- ۋەتىنىم گەرچە مۇستەملىكە بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئايۋان- سارايغا بەرگۈسىزدۇر. ئايۋان- سارايدىن ئايرىلىپ ئېغىلغا قاچامدىم... قاچسام ئامېرىكىغا قاچىمەن...
1996 - يىلى 2 - ئايدا مەركەزدىن ئۇرۇمچىگە «7- نومۇرلۇق ھۆججەت» چۈشۈرۈلگەن ئىمىش. 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى شاڭخەيدە روسيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتناشقان "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرلەر گېزىتلەرنى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، روسيە باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە يىغىن ئېچىپ، خىتاي مۇستە ملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فىڭ داجىننىڭ سىگنالىمۇ، يەنە باشقا ھەممە، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. قەيەردە سەن دېموكراتىك دۆلەت ئامېرىكا! قەيەردە سەن، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ 15 دۆلەتكە بۆلۈۋەتكەن دېمۇكراتىك دۇنيا ؟!
1996-يىلى 2-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە قادىر ئەر-ئايال ئىككىمىز،[، ئىككىمىزنى" كۈزىتىپ" بىللە كەلگەن يەنە بىر كىشى بار ]بېيجىڭغا كېلىپ،ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا كىردۇق. پاسپورتىمىزنى رابىيە خېنىم روجەككە ئۇزاتتى. بىر خىتاي تەتەي قولىغا ئېلىپ ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىردى.27 ياشلار چامىسىدا ئامېرىكىلىق بىر يىگىت كېلىپ، تەتەينى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ : قارشى ئالىمىز رابىيە قادىر، سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمىز،- بىز سىنى

هامان بىر كۈنى مۇشۇ باش ئەلچىخانىغا كىلىدۇ دەپ،9يىل كۈتتۇق، دىدى........

خىتاي تىلىدا.

1996-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى رابىيە خېنىم ئىككىمىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ياپۇنىيە ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئامېرىكىنىڭ دېترويىت شەھىرىگە قوندى. 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى سىياسى پاناھلىق بېرىلگەن داكومىنت قولۇمغا تەگدى.1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆلەملىك نامايىشى پارتلىدى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بىز ئۇيغۇرلار ۋشىنگىتۇندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدۇق.1998-يىلى 11-ئاينىڭ 25- كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم. 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە خېنىم ئۇرۇمچىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى... باللىرىم قايسى كۈندە قالدى، مۇشۇ ۋاقىتتا باللىرىمنىڭ ھېسياتىنى كىم چۈشىنەر؟مەن قايسى كۈندە قالدىم، مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھېسياتىمنى كىم چۈشىنەر...؟

سىدىقھاجى رۇزى رابىيە قادىردىن 8يىل ئايرىلدى، كېيىنكى 6يىل ئىچىدە نە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، نە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرمىدى. سىدىقھاجى رۇزى1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە ئۆزى ۋە باللىرى بۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 6 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

كشلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىىسمى،ئامىرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىىسمى، ئامىرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىمنىڭ بىىسمى ئارقىلىق،ختاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى، رابىيە قادىر 2005-يىلى 3-ئاينىڭ17-كۈنى ۋا شىنگىتۇنغا يىتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ۋە سىياسى پائالىيەت سىدىقھاجى روزىنىڭ قولىدىن رابىيە قادىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. سىدىقھاجى رۇزى ئارقا سەپكە چىكىنىپ، رابىيە قادىرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ماتىريىال تەييارلاپ بىرىدىغان كىشىگە ياكى كاتىپقا ئايلاندى.

تەرجىمھال خاراكتىرلىك ئەسلىمىنىڭ داۋامى

1967-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كىرەك،ئۈيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان قەشقەردە ئاخۇنوپ تەشكىلاتىغا ۋەكىل بۇلۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، رەھمەتلىك مىجىت باتۇر،قەشقەردىن كىلىپ،«قىزىل 3- باتالىيۇن " تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايتان ۋە باشقىلار............ بىلەن ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكەن ئىدى. كۆرۈشۈشكە مەن تەكلىپ قىلىندىم،ئەمما مەن قاتناشمىدىم. كۆرۈشۈش ھازىرقى شىنجاڭ ئۈنىۋىرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتى بىناسىنىڭ 2- قەۋىتىدە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئىشخانىسىدا ئىلىپ بىرىلغان. نىمشقا قاتناشمىدىم...؟ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمىدى ياكى باشقا بىرسى قاتناشما دىگەنمىدى؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمىدىم. مىجىت باتۇر، ئايتان ۋە باشقىلار بىرلىكتە قۇراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنمىدى...؟ بىلمەيمەن.1969-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى ئاخۇنوپ، مىجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قەشقەردە قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۈرمىدە ئىدىم، شامالداشقا چىققان ئىدىم، رادىئو توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى،- "مىجىت، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قۇراللىق قوزغىلاڭ قەشقەردە باستۇرۇلدى...."، ھەتتەڭەي! شامالداشقا چىققان ھويلىدا ئىگىشىپ قولۇمغا كىسەك ئىلىپ سىمونت -بىتۇن

تامغا" ياشسۇن مىللى قەھرىمان مىجىتنىڭ روھى"! دەپ،يازدىم. شوپۇر ئۇستام -جاپپار ئۇستامدىن باشقا، مەن بىلەن شامالداشقا چىققان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. جاپپار ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، خەتنى يېگى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، - ئۇكام دەردىڭ ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دىدى.

1972-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى قولۇمغا ئىشكەل پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ تۈرمىنىڭ كارىدورىغا ئېلىپ چىقىشتى. نەگە بارىمەن؟ ئويلايتىم. كىچىك ماشىنىغا سېلىشتى،نەگە بارىمەن...؟ ئويلايتىم، لېكىن تېگىگە يىتەلمەيتىم. تىببى ئۇنۋېرسىتىتىغا ئېلىپ بېرىشتى.قان ئىسكىلاتىغا كەلدۇق،-دېيىشتى. خىيالىمغا قوشۇلۇپ بىر قورقۇنۇچ يىتىپ كەلدى...... مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىشتى...... ئۇزۇن كارىدور... بىر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدۇ... خۇدا دېدىم، خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ ئالدىم، جۈرئەت ئالدىم. بۇ تۇپراق مېنىڭ، بۇ ۋەتەن مىنىڭ دېدىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۈچ ئاتا قىلدىم. ئىچىمدە، قورقۇشتىن بوشاپ كېتىۋاتقان ماجالىمغا تەسەللى بەردىم. يەنە غەيرەتكە كەلدىم . ئوتتۇرا ھالقىسدىن بىلىمگە باغلاپ قويۇلغا ن 10 كىلوگېرامدىن ئېغىر كىشەننىڭ ژىپىنى يېشىۋەتتىم. (قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولاتتى )كىشەننى تاختايلىق پولنىڭ ئۈستىدە سۆرەپ ماڭدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىنى سول پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىغا ئۇرۇپ ماڭدىم. ( ھالقا دان كىشەننىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇمشۇقى)  كىشەن شۇنداق رىتىملىك ئاۋاز چىقاردىكى ئىشخانە -ئىشخانىدىن، كارىدۇرغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرا تەتەيلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتتۈم. قولۇمدىكى ئىشكەلنى يېشىۋىتىپ ئۈستەل ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى.....سول قولۇمنى چىقىرىپ بەردىم....450 گىرام قېنىمنى ئېلىۋالدى... شۇ كېچىسى تۈرمىدە ئانا...!! دەپ يىغلىدىم.ئىككىنچى يىلى باھار يىتىپ كەلگەندە تۈرمىدە چىشىمنى ژۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇشتا ئورنۇمدىن

دەرهال قوپالمايدىغان بۇلۇپ قالدىم....1977-يىلى 7-ئاينىڭ 31 كۈنى ئۇرۇمچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدىم. ساقچى يالاپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا قارا پ ئېلىپ ماڭدى. نېمشقا؟ چۈنكى، ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى دىپلۇماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەچكە خىتاي ھۆكۈمىتى،" شىنجاڭ "دىگەن يەردە بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئارقا -ئارقىدىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر دىتالنى قىستۇرۇپ ئۆتەى:

1977-يىلى 7-ئايدا مەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرلگەن كۈنلەردە 44يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ۋە سىياسى دائىسى ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم قارا قىلچىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ،كۈچاغا تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قارامايلىق شوپۇر تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەرگىچە يۈك قاچىلاپ، مە قسۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كۈچادىن ئېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ بۇ قېتىم مەھشەتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كۈچادا مەقسۇمنى يوقلاپ كىرگەنلەردىن كىمدۇ، بىرسى: مەقسۇم ئاخىرزامان قاچان كېلىدۇ، دەپ سورىغان ئىكەن. مەقسۇم جاۋاب بېرىپ:

-قاچان كېلەتتى...يېڭىدىن خىتايلار ئۆتۈپ تۇرغاندا... خىتايلار يۇرت-ماكانىڭنى بېسىۋېلىپ سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، بىرگە قوپقاندا ئاخىرزامان، ئاخىر زامان كەلگەن بولىدۇ. بۈگۈن ساڭا ئاخىر زامان بولمىدىمۇ؟دەپتۇ.

مەن،دوستۇم شوپۇر ئابدۇللا سەلەي بىلەن ئابدۇل ئەزىز مەقسۇمنى يوقلاپ،1978-يىلى 7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەقسۇمنىڭ مەھشەتتىكى ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە 20-30 ئادەم مەخسۇمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. غە رىبى تام تەرەپكە بىر ياغاچ كارۋات

قويۇقلۇق ئىكەن، كارۋاتنىڭ شىمال تەرەپ بېشىغا بىر ياستۇق قويۇقلۇق ئىكەن. كارۋاتقا گىلەم، كۆرپە سېلىقلىق ئىكەن. ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، تۈكى ئۆسمەيدىغان بېشى يالاڭباشتاق ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم ئۈچىسىغا ئاق كۆينەك، شىم ئورنىدا ئاق تامبال كەيگەن ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم كارۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ نوتۇق سۆزلەۋاتقان ئىكەن. مەن تۆۋەندە مەقسۇمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى رەھمەتلىكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپپۇزى بويىچە يېزىپ قالدۇرىمەن. بىز ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن سۆز قەيەردىن باشلاندى بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. مەقسۇم سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق نوتۇق سۆزلىدى:

" گېرمان تۈگسە دۇنيادا سانائەت تۈگەيدۇ،

ئىنگىلىز تۈگسە دۇنيادا سەياسەت تۈگەيدۇ،

تۈرك تۈگسە دۇنيادا شەجائەت تۈگەيدۇ،

روس بىلەن خىتاي تۈگسە دۇنيادا ئاپەت تۈگەيدۇ"،بۇ نۇتۇق مەقسۇمنىڭ ۋەسىيتى ۋە ئامانىتى ئىدى. بۈگۈن بۇ يازمام ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تاپشۇردۇم. مەقسۇم ئۇرۇمچىدە زوكام بولۇپ قېلىپ دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، دوختۇر خانىدىن چىققاندا ئېلىشىپ قالدى...80 19-يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە نېفىت قاچىلاپ شەرققە ماڭغان پويىزنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يۇرۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

دوستۇم ئېركى[مۇڭغۇل بۇرتالالىق] ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەركىن ھازىر شىۋىتسىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ،قازاقىستاندىن كەلگەن.1968 -يىلى 5- ئايدا نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شائىر دولقۇن ياسىننى چېگرادىن قازاقىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەسئۇل بولدى. "شائىر" قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىندى.مەن ئېمىشقا دوستۇم ئەركىنگە -مەن چىقىپ كېتەي دېمىدىم ؟" قېچىپ قۇتۇل" دەپ،تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، بورتالاغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم، لېكىن بىر تەرەپكە قېچىش بىر تەرەپكە كېتىش نىيىتىم يوق ئىدى.

هۆرمەتلىك ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! ئۇكىمىز ئابدۇرەھمجان ئابدۇرەشىد ئەپەندىم، ئا لىمجان ئەپەندىملەرنىڭ ھاۋالىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۇشبۇ تەرجىمەھالىمنى يېزىپ چىقتىم تۈركىيىگە نەشىر قىلىشقا بەرگەن كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى قىسقىچە يېزىپ بەرگەن. بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق يېزىلدى ئۆمرۈم يار بەرسە بېشىمدىن ئۆتكەن كۆنلەرنى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. يۇقىرقى ئىشلار 1966-يىلدىن 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.ئەسلەش جەريانىدا ئازابلاندىم.قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە ئابىت، ئايتان ئوسمانوپلار بىرسى دوختۇر خانىدا، يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قازاقىستاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى... پاكىتىم يوق لېكىن گۇمان قىلىمەن... يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ھېكايىلەر بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار... ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. چۇشۇپ قالغان، كىمىپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان شۇ دەۋرىنىڭ ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 45 يىل... ھازىرلا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم، بايراق كۆتۈرۈپ قاتارغا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى نامايىش قىلغاندەك بولدۇم........

بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئۇكىمىز ئالىمجان ماڭا:

_ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئازادلىققا مۇناسىۋەتلىك بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئىنتايىن كۆپ، ۋەتەننى، مىللەتنى دەپ، تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزدىن خەۋرىمىز بار، يېزىپ قالدۇرۇشىڭىز، بىزگە سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى، دېگەندە، مەن:

-ئوغۇل بالا ئۆتمۇشتە ئەركەكتەك ئىش قىلغان بولسا، ئەركەكتەك قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ قىلغانلىرى ئاساسىدا يەنە ئەركەكتەك ئىش قىلىدۇ، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىسام بۈگۈن ئويلىسام مېنىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىم، ئالىمجان

ئۈكمىزغا دىگەنلىلىرىم يېڭى دەۋىردە ياشاۋاتقان سىيت گاڭگۈڭچە ئاخماقلىق ئىكەن. مەن سۆزلەپ بەرمىسەم مەن يېزىپ بەرمىسەم قىزىق ئىش مىنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ؟ مەسلەن، شۇ چاغدا مەن ئۆرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئۈتەيدە قولغا ئېلىنىدىم، ئاجايىپ ھېكايىلارغا ( 1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى) تولغان بۇ كېچە توغرىسىدا كىمنىڭ خەۋرى بار دەيسلەر؟ باشقا ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق كېچىلەرغۇ، بۇ. مەن يېزىشىم كېرەك. ۋەتەنداشلىرىم بىلىپ قېلىشى كېرەكقۇ؟
مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى مەن بۇلاي بېشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى، تارتقان كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلىرىمىزغا سېلىشتۇرمايمىز، چۈنكى، ۋەتەن، مىللەت - دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن ياكى ئۈنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ ياكى مۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت شۇكى، " ۋەتەن، مىللەت " دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن........ ئۆتكەن، بۇ دۇنيادا" ئازاپ - ئۇقۇبەت دەيدىغان نەرسىمۇ يوق" ، " خۇشاللىق ۋە شات- خۇراملىق دەيدىغان نەرسىمۇ يوق. پەقەت ئەھۋالنى، مۇھىتنى بىر -بىرىگە سېلىشتۇرۇشلا بار" ،بىراق ئەقلىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتايلارغا سېلىشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق بىز. لىن بياۋ موگۇلىينىڭ ۋىندۇرخان ئۆلكىسىدە ئۆلدى، سىياسى ئۆزگىرىش قىلىمەن دېدى قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى ؛ئامما سىدىقھاجى روزى،ئايتان ئوسمانوپ، ئېركى، قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر مەيدان نامايىش تەشكىللەش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن" يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىنى، خىتاينىڭ " مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىغا ئۆزگەرتىشىدە، خىتايغا يېتەرلىك بېسىم پەيدا قىلالىدى. 1987-يىلى رابىيە قادىر 7 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ھۇل تاش، ھۇل تاش ئۈستىگە پىششىق كېسەك قويغاندا،1مىليارد 300مىليون

نوپۇسقا ئىگە خىتاي مەملىكىتىدە تېخى بىر خىتاي،توخۇ كاتىگىمۇ سالالمىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 10-20- يىللىرىدا فرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇئېنلەي، دىڭ شىياۋپىڭ، كالىفورنىيە، ياپونىيەدە ئوقۇغان ئامېرىكىلىق سۇ نىجۇڭسەن قاتارلىق خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى دېموكراتلىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلسون ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق "ۋىلسون خىتابنامىسى" نى ئېلان قىلىپ،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن چاغلار ئىدى. ھازىر ئوتتاۋادىن-سىدنىغىچە، ۋاشىنگتوندىن -بېرلىنغىچە،ئوسلودىن - ئامستىردامغىچە، ئالمۇتادىن- توكيوغىچە، ئەنقەرەدىن لوندونغىچە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ھەربىر،" ۋەتەن"، دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ نەسەپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ، (ئايرىم ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىمالال كۆرۈپ ئالالايسەن!

ئۇيغۇرلا ر ئۈمۈمي يۈزلۈك ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە يېتىپ كەلدى مەيلى ئاڭلىقلىرى، ئاڭسىزلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىلىرى ئوخشاشلا شۇنداق دەۋرگە يىتىپ كەلگەنمۇ، يېتىپ كەلدى!!! ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەن نېمە؟ پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: " ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەنلىك- ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى-ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتىن قۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگىنىمىز،- باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىق بۇ،پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەقىل-پاراسەتنىڭ كەملىكىدىن

ئەمەس بەلكى، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تىگىشلىك غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىرادىنىڭ كەم بولىشىدىن ئىبارەت پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت، ئىنسانىيەت ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتۇر. غەيرەت- شىجائەتىڭلا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ئەقىل-پاراسىتىڭنى ئىشلەت! مانابۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ شۇئارىدۇر.

2013-يىلى7 -ئاينىڭ22 -كۈنى يېزىلدى.
2014 -يىلى 2-ئاينىڭ12 -كۈنى قايتا تۈزۈتۈلدى. ۋاشىنگتۇن

## رابىيە قادىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى 7

2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈندىن باشلاپ رابىيە قادىر خەلقئارا ئۇيغۇر مىللەت دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كونا- يېڭى رەھبەرلىرى مۇئاۋىن رەئىس سىيىتىم تۆم تۈرك، ئىجرائىيە رەئىس دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان خوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات، ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى كاتىپى نۇر مەمەت مۇساباي، دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رىسالەت خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئاسىيە خانىم قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.
رابىيە قادىر، شەرقى تۈركىستان، خىتاي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خىتاي تىلىدا شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، بىر ئۆلكىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھرىدە 1946-يىلى11 -ئاينىڭ15 - كۈنى دۇنياغا كەلدى.1949- يىلى 10- ئايدا خىتاي قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ

كىرىپ، 1962-يىلى ئالتاي شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دادىسى قادىرجان ۋاقىتلىق ئالتايدا قالدى، رابىيە قادىرنىڭ ئانىسى تاجىنىسا باشلىق بىر ئائىلە كىشلىرىنى جەنۇبى" شىنجاڭ" نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى.رابىيە قادىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تاماملىدى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى داۋاملىق ئوقۇيالماي ئائىلىگە قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىدا مەھەللىۋى تىجارەت قىلىپ، كىچىك باللارنىڭ كىيىم كىچەك، باش كىيىملىرىنى تىكىپ سېتىپ،ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، قانچە قېتىم رابىيە قادىرنىڭ پۇل -پىچەك،مال - بېساتى، تىكىپ قويغان كىيىم- كىچەككلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.

1978-يىلى رابىيە قادىر، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ،1980 -يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋىتىش دەۋرىگە يېتىپ كەلدى. 1987-يىلى ئاۋۋال8 " مارت سودا بازىرى" نى قۇرۇپ چىقىپ نەچچە يۈز لىگەن ئاياللارنى سودا تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا -تىجارەت ئىگىنى يېتىلدۈرۈشدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. رابىيە قادىر،سودا -تىجارەت ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان " شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە 7قەۋەتلىك ئاپارتمان سېلىپ،ئۇيغۇر ئاھالىلارنى يېڭى ئۆي بىلەن ھەقلىق تە مىنلىدى. 1991- يىلى پۈتۈن ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە، خىتايدىمۇ سىياسەت بوشاپ، خىتايدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا روخسەت قىلىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، رابىيە قادىر ئۈرۈمچى شەھرىدە، " رابىيە قادىر سودا سارىيى" نى سېلىپ پۈتتۈرۈپ، مىڭلارچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە دۇكان ئېچىپ باي بولۇش پۇرستى يارىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر خانىم قىزلارنى جەمئىيەتكە يېتەكلەش، پۇل تېپىپ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىپ ئائىلىدە باللارنى

ياخشى تەربلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن رابىيە قادىر،200 دىن ئارتۇق خانىم قىزلارنى تەشكىللەپ1997 -يىلى 12-ئاينىڭ15 -كۈنى "مىڭ ئانا شىركىتى"نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، شىركەت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى مىڭلارچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق ئويغىنىشىدىن ۋە تەشكىللىنىۋاتقانلىقىدىن چۈچۈپ 1998-يىلى 2 - ئاينىڭ25 -اكۈنى "مىڭ ئانا " شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىركەتنىڭ بانكىغائامانەت قويغان نەخ پۇلىنىمۇ توڭلاتتى. "مىڭ ئانا شىركىتى" نىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەر قانداق سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلدى.
رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۈنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى.ھەتتا توك ئىدارىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىللىرىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ سودا -تىجارەتنى كېڭەيتىشكە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.شەرقى تۈركىستان "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللى كادىرلىرىمۇ رابىيە قادىرغا سىياسەت بويىچە ياردەم قىلىشقا جۇرئەت قىلالمىدى.دېمەك، رابىيە قادىر قەدەمدە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى،ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. كىشىلىك ھوقۇقى شۇنداق خورلۇققا دۇچ كېلىۋاتقان رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا چىقىرىۋەتتى. ئۆزى ۋەتەندە قېلىپ گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت بايانلىرنى كېسىپ توپلاپ، پوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىددىقھاجى روزىغا چىقىرىپ تۇردى ۋە ئەۋەتىپ تۇردى.
1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، مېھمانلار چۈشكەن مېھمانخانە ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رابىيە قادىر،خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. رابىيە قادىر

سومكىسىغا سېلىۋالغان، " ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت "ماۋزۇلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت يېزىلغان 10ماددىلىق بىر پارچە ماتېرىيال ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.2000 -يىلى3 -ئاينىڭ9 -كۈنى خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۆلەتلىرى گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، نورۋېگىيە، ئاسىيادا ياپونىيە قاتارلىق دېمۇكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ۋە شۇ دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى.

رابىيە قادىر2005 -يىلى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا3 - ئاينىڭ17 -كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى.

2005-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

2005-1 -يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگرېسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇرۇمچىگە بېرىپ رابىيە قادىرنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولغاندا، رابىيە قادىرنىڭ روشەنگۈل ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق بالىلىرىنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار ئابدۇرېھىم 6 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. روشەنگۈل ئابدۇرېھىم3 كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. رابىيە قادىرنىڭ بالىلىرىنى قولغا ئالغاندا ساقچىلار، رابىيە قادىرنىڭ قىزى روشەنگۈلنىڭ قولىغا تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئانا دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق ۋاشىنگتوندىكى ئانىسى رابىيە قادىرغا ئاڭلاتتى.

2- رابىيه قادىر 2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندا، خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيه قادىرنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىمغا تۆھمەت بىلەن "باج تاپشۇرمىدى "دەپ،جىنايەت ئارتىپ7 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. مىللى بۆلگۈنچىلىككە قۇتۇرتىپ تور بىتىگە ماقالە يازدى دەپ، جىنايەت ئارتىپ رابىيه قادىرنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا 9يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

3- 2005-يىلى10 - ئاينىڭ5 -كۈندىن25 -كۈنگىچە، رابىيه قادىر گوللاندىيە، بىلگىيە قاتارلىق 7 ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى پاش قىلدي.

4- رابىيه قادىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلات رەھبەرلىكىنىڭ ئاستىغا توپلىدى.

5- ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ -دەۋالىرىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت پىروگىراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،رابىيه قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى دۇنياۋى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

6- ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋە شەرقى ياۋروپا دا چىخ جۇمھۇرىيىتىگە ئالاھىدە يىتىپ بېرىپ رابىيه قادىر7 يىلدىن بېرى توختىماي دۇنيا بويىلاپ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدى.

7-گېرمانىيە، شۋىتسىيە، شۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە داۋاملىق بېرىپ رابىيه قادىر، شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە

پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا كىرىپ نۇۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر نەچچە قېتىم باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يەتكۈزدى.شۇ دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئاڭلاتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ دۆلەتلەردە مەتبۇئاتلاردا يەر ئالدى. تېلېۋىزىيەدە كۆرسىتىلدى. دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

8- رابىيە قادىر، ۋەتەن ئىچىدە قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا ھەقىقى ئەخلاقلىق ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

9- رابىيە قادىر، ئىتالىيە كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا، نورۋېگىيە رافتو مۇكاپاتىغا، تۈركىيە مەزلۇملار مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، جەمئى5 قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10- 2009 -يىلى 7-ئاينىڭ5 - كۈنى "شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى نامايىشىنى رابىيە قادىر پىلانلىدى دەپ، ھۆكۈم قىلىپ 500 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سودا سارايىغا قۇلۇپ سالدى.

11- ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىككى نەپەر ئوغلىنى ئادەتتىكى جازا بېرىش تۈرمىسىدىن قاتتىق باشقۇرىدىغان تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى. ھازىرغىچە ئوغلى ئابلىكىم

ئابدۇرېھىم تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى. كىچىكى ئالىم ئابدۇرېھىم كېيىن ۋاقتى توشۇپ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.
12 - كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان رابىيە قادىر، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، مال -مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ باللىرى ۋەتەندە خىتاينىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، رابىيە قادىر،چەتئەللەردە خىتاي داشقاللىرىنىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرسىمۇ يەنىلا، ئامېرىكا ۋە غەربى ياۋروپا، ئاسىيادا ياپۇنىيە، ئاۋىستىرالىيە دۆلەتلىرى دېمۇكراتىك ئەللەر يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىغا تايىنىپ، رابىيە قادىر توختىماي كىشىلىك ھوقۇق پىئالىيتى قىلىۋاتىدۇ.
13- رابىيە قادىر، ئامېرىكا دېمۇكراتىيە فوندى جەمئىيتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللارنى يەنە شۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇمۇمى 6 قېتىم دۇنيا بويىچە سىمنارىيىگە تەشكىللەپ، دېمۇكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۇرۇشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.
14 -رابىيە قادىر قايسى دۆلەتكە بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيتى قىلماقچى بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەكچى بولدى. لېكىن رابىيە قادىر ھەرگىز تەۋرەنمىدى.
15 -رابىيە قادىر، تىبەت، موڭغۇل، خىتاي دېمۇكراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئاچتى.
16 - رابىيە قادىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3 يۈز دوللار، 5 يۈز دوللاردىن ئىئانەقىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئامېرىكىدا فورت ۋاشىنگتۇندا ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللەت كىملىكىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار

زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتى.ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، دىنى ئېتىقادىنى قوغداشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشى كېرەكلىكىنى، يېڭىلا سېتىپ ئالغان ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىشنى دائىم تەكىتلىدى.

17- رابىيە قادىر،ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خىتاي بىلەن دېئالوگ قۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى.

19- رابىيە قادىر7 يىل جەريانىدا تەخمىنەن 17 قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى دەپسەندە قىلغان ئۇيغۇر كىشىلىك خاتىرىسىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئاشكارىلىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش 2012-يىلى 7-ئاينىڭ 25 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

20- ئەرەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەشۋىقات -مەتبۇئات ۋاستىلىرىدا، ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگىراممىنىڭ بېرىدە 2012 -يىلى7 -ئاينىڭ 31-كۈنى ئەتىگەندە قاتارنىڭ" ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيە" قانىلىدا ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم تونۇشتۇرۇلدى. بۇ پىروگىراممىنىڭ ۋاقتى 1 سائەتتىن ئارتۇق بولدى. بۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك بېرئىش بولدى.

21 -رابىيە قادىر خانىم 2012-يىلىدىكى "خەلقئارادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500مۇسۇلمان" نىڭ بېرى بولۇپ باھالىنىپ، شۇ سانىنىڭ ئىچىدە 49 - مەرتىۋىگە قويۇلدى. بۇمۇ ھەم ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ئىش بولدى.

22 - ئۇيغۇر مىللى ھەرىكەتى رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم، 2013-يىلى1 -ئاينىڭ 17-كۈنى ئامېرىكىنىڭ" خەلقئارالىق ئەركىنلىك مۇكاپاتى"غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپاتنىڭ بېرىلىشى ئەلىيۇل ئەلالىق ئۇستىگە يەنە بىر قېتىملىق دەنا غەلبە بولدى. جەئى6 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توۋەندىكىچە:

1) رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىنىڭ دادىسى روزى قارى، زومگەر پومىشچىك ئايرىلىپ،1952 -11-ئايدىن1955 -يىلى11 - ئايغىچە خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى، بەلكى شۇ ئايدا تۈرمىدىن روزى قارىنىڭ تىرىكى ئەمەس جەسىدى يېنىپ چىقتى.

2)سىدىقھاجى روزى،1968 -يىلى ئۈرۈمچىدە، "خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى"نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ،3 - باتالىيون ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى" مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 1969-يىلى1 -ئاينىڭ 17 -كۈنىدىن 1977-يىلى 10-ئايغىچە خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە 8يىل 9-ئاي ھەپسىدە ياتتى.

3)رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت ماتېرىياللىرىنى يوللاپ بېرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن مېھمانلار نىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ قولغا ئېلىنىپ، 1999 - يىلى8 -ئاينىڭ11 1-كۈنىدىن 2005 -يىلى 3 -ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە 5يېرىم يىل خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن، باجىياخۇ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.

4) ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىم 2006-يىلى-11 ئاينىڭ 26-كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن7 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

5)ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئەدلىيىسى تەرىپىدىن تور بېتىگە ماقالە يېزىپ مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇچى جىنايىتى ئارتىلىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھازىر تۈرمىدە ھەپسىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1999 -يىلى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا

ئېلىنىپ3 يىللىق" لاۋجاۋ"غا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
6)ئوغىلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم2006 -يىلى6 -ئاينىڭ1 - كۈنىدىن12 - ئاينىڭ1 -كۈنىگىچە يېرىم يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.
7)رابىيە قادىر 2013-يىلى4 -ئاينىڭ20 -كۈنىدىن 26 -كۈنىگىچە فرانسىيىنىڭ فارىژ شەھرىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىايدىغان، تەسىرى بار، بىلىملىك ئەخلاقلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خەلقئارا قۇرۇلتايغا چاقىرىپ، تۇنجى قېتىم " دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرلىكى"نى قۇرۇپ چىقتى.
سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىر ئائىلىسى ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن سىياسى جىنايەت، ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر ئۈچۈن مىللەتچىلىك قىلىپ، 37يىل خىتاينىڭ قولىدا ھەپسىدە ياتتى.
2013-يىلى 7 ئاينىڭ11 -كۈنى ۋاشىنگتۇن.

## كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم :

يېقىندىن بېرى «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى»دا نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟»، «مۇستەملىكىكە ئۇيغۇرستاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى»، «دۆلەت مەجلىسىگە يوللانغان مەكتۇپلەر» ماۋزۇلۇق كىتابلىرىم سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟» ماۋزۇلۇق كىتابىمنىڭ داۋامىنى داۋاملىق يېزىش، رەتلەش بىلەن بىللە تەرتىپ بويىچە كېيىنگە قالدۇرۇپ، بۈگۈن «پوبلېستىكا ۋە لېكسىيىلەر» ماۋزۇلۇق كىتابىمنى رەتلەپ، [تەخمىنەن ئالتە توم كىتاب ئەتراپىدا] نەشرىياتقا يوللۇدۇم .

مەن «پوبلېستىكا ۋە لېكسىيىلەر» ماۋزۇلۇق كىتابىمغا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشنى ماقۇل كۆردۈم .

مېنىڭ بۇ توپلامىمغا كىرگۈزۈلگەن پوبلېستىكا ۋە لېكسىيىلىرىم قائىدە بويىچە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە سۆزلەنگەن لېكسىيىلىرىم ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلدى. قىسقا يازدىم. بىر پارچە ماقالە ياكى ئىككى بەتتە ياكى ئۈچ بەتتە ھازىر بولۇشى مۇمكىن. پوبلىستىكا يېزىپ ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىمنىڭ سىياسى ئىلمىنىڭ بېيىشىغا ئاز – تولا ياردەملەشتىم دېسەممۇ بولىدۇ. مەسىلەن، 1945 – يىلى 2 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئىمزالانغان «يالتا شەرتنامىسى» ، «1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى موسكۋادا ئىمزالانغان «جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق دوستلۇق شەرتنامىسى» 1950 – يىلى موسكۋادا ئىمزالانغان «جۇڭگو – سوۋېت دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» قاتارلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسى ئورنىغا، قۇرغان دۆلىتىنىڭ سېتىلىپ كېتىش تەقدىرىگە ۋە ئېتىنىك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى چوڭ دۆلەت – سابىق سوۋېتلەر بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھەم تارىخى ھەم سىياسى ۋەقەلەر توغرىسىدا لېكسىيە

سۆزلىگەندە، گەرچە بۇ تارىخى ھۆججەتلەر مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ھازىرغىچە خەلقئارا جەمئىيەتكە تولۇق ئاشكارىلانمىغان بولسىمۇ، مەسىلەن، 1944 – يىلى 6 – ئايدا موسكۋاغا يېتىپ كەلگەن. ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ۋاللىس ستالىن بىلەن نېمە مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى؟ موسكۋادىن قايتىپ «شىنجاڭ» ئارقىلىق چۇڭچىڭغا گومىنداڭ ختايلىرىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كېلىپ، موسكۋادىن جياڭ جې شى غا نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدى؟ پرېزىدېنت تروممىنىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى جونس خوپكىنس 1945 – يىلى 5 – ئاينىڭ 28 – كۈنى نېمشقا موسكۋاغا باردى، ستالىن بىلەن نېمە توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى؟ بەلكىم بىز ئۇيغۇرلار بۇ مەخسەتلىكتىن ئەبەدى خەۋەردار بولالماسلىقىمىز مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ شۇ تارىخى ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تور بەتلىرى ئارقىلىق مېنىڭ قولۇمغا يېتىپ كەلگەن بەزى مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىپ، دەرھال ماقالە تەييارلاپ، ھەم بۇ ۋەقەلەرگە باھا بەرگەندە پىكىرلىرىمنى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىمنىڭ بىلىش ھوقۇقى دائىرىسىگە ئېلىپ كىردىم. ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشى، مەدەنىيەت سىياسى ھاياتى، ئىقتىساد، تۇرمۇش ئۆرپ – ئادەتلىرىنىڭ، دىنى ئېتىقادى، ئائىلە نىكاھ تۇرمۇشى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىچكىرى ختايغا مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىلىشى، كۈن تەرتىپكە كېلەلمىگەن ھاياتلىق غايىلىرىنىڭ ختاينىڭ مۇستەملىككە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا نېمە دەرتلەر، نېمە زەربىلەرگە ئۇچرىغانلىقى، ئىسيانكار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەندە قانداق باستۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەرنى بەزىدە ۋەتەندىن ئېلىپ، بەزىدە ئاشكارىلانغان خەۋەرلەرگە باھا بېرىپ يەنە رادىئو ئارقىلىق ۋەتەن ئىچىگە ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىمغا قايتۇرۇپ لېكسىيە سۆزلىدىم.

سىياسەت، باشقا پەن ئەمەس. سىياسەتتە سىياسى ھادىسىلەر، ئاي، كۈن يىللار تەرتىپىدە زۆرۈر بولغاندا تەكرارلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئىچكىرى ختايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى

مەسىلىسى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قانلىق باستۇرۇشى، خىتاينىڭ مائارىپ
سىياسىتى، يېزا ئىگىلىك سىياسىتى، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئۈچ خىل
كۈچلەر» گە قارشى سىياسەتلىرى مېنىڭ سۆزلىگەن لېكسىيىلىرىمدە
داۋاملىق دېمىگەندىمۇ ئارىلاپ – ئارىلاپ تەكرارلاندى .
تەكرارلىغانلىقىم، ئوقۇرمەنلىرىمنى زېرىكتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن
ۋەتەنداشلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن .

ۋاشىنگتون

2010 – يىلى 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنى

**ئاقسارايغا يېزىلغان خەت**

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 8 – كۈنى

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى

دۆلەتنىڭ ھۆرمەتلىك رەھبەرلىرىگە :

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش:

كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، نورۋېگىيە رافتۇ فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى پاش قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۆڭۈل بۆلدى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى كۆڭۈل بۆلدى. 2007 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پىراگا شەھرىدە پرېزىدېنت بوش ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا لورا بوش خانىممۇ رابىيە قادىرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شۇڭغىچە يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئىگىسىز، باشپاناھسىز، تاشلىنىپ قالغان ئۇيغۇر مىللىتى بىر دەقىقىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ بەختلىك، دۇنيانىڭ كۆزى چۈشكەن بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. رەھمەت ئامېرىكا خەلقى!

چەكسىز سۆيۈنىشكە، چەكسىز ئىلھامغا، چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار، بۈگۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە يوللايدىغان كۆڭۈل رىشتىنى، پىكىر تەلەپلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىزھارلىدى .

ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ھازىرغىچە توختاتمىدى. بۇ يىل 1 – ئاينىڭ 8 – كۈنى سىياسى مەھبۇس ئىسمايىل

سەمەتكە ئۆلۈم جازاسى بەردى [بۇ كىشىنى پاكىستان ھۆكۈمىتى 2003 – يىلى پاكىستاندىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن] خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈش سىياسىتىنى توختاتمىدى. مەسىلەن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنخۇاشى ئاگېنتلىقى 2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 22 – كۈنى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى :

ئىگىلىشىمىزچە نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاز تۇغۇلغان. نوپۇسنىڭ تەبىئى كۆپىيىش نىسبىتى 1975 – يىلدىكى 24.36% تىن 2004 – يىلدىكى 10.91% گە، تۇغۇلۇش نىسبىتى 1975 – يىلدىكى 33.10% تىن 2004 – يىلدىكى 16% گە تۆۋەنلىگەن. (ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 23 – كۈنى)

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتىنىڭ ھۆرمەتلىك رەھبەرلىرى :

ئۇيغۇرلار خىتاي خەلقىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق ئېتنىك مىللەتقۇ؟ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىشنىڭ كەينىگە قانداق غەرەز يوشۇرۇنغان؟

خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مائارىپىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش سىياسىتىنى زوراۋانلىق بىلەن يولغا قويدى. ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىپ خىتاي تىلدا ئوقۇشقا زورلانغان 12 ياشلىق ئۇيغۇر باللارنىڭ سانى 5 مىڭدىن 10 مىڭغا كۆپەيتىلدى. ھازىر ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يېزا – كەنتلەردە يەسلىلەردە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خىتاي تىلدا مەجبۇرى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى... خىتاي تىلى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي

مەكتەپلەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى.

ھۆرمەتلىك دۆلەت رەھبەرلىرى:

خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش  سىياسىتىنى زوراۋانلىق بىلەن يولغا قويغانلىقى، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئېغىر كەلگەن پاجىئە ھېسابلاندى .

تېررورىستلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيىسى 2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 7 – كۈنى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلدى. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئافغانىستانغا چېگرالىناتتى. 2002 – يىلدىن باشلاپ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى، ئافغانىستانغا چېگرالىنىدىغان ئۇيغۇرنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىشكە باشلىدى. مەسىلەن، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت تور بېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئاشكارىلىشىچە 2006 – يىلى بىر يىلدا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت، ئۇيغۇرلاردىن جەمئىي 1 مىليون 150 مىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكىگەن بولۇپ، بۇ يىل (2007 – يىلى) بۇ ساننى يەنە كۆپەيتىپ 1 مىليون 200 مىڭغا يەتكۈزمەكچى بولدى.

(«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇر بۆلۈمى 2007 – يىلى 3 – ئاينىڭ 20 – كۈنى تارقاتقان خەۋەر)

ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىش ھەرىكىتىنى خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى «ئېشىندى ئەمگەك كۈچلىرى»، «ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بېيىتىش يولى»، «تېخنىكا ئۆگىنىش يولى» دەيدىغان چىرايلىق ناملار بىلەن نىقاپلىدى .

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىجتىھاتلىق مۇخبىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ

كېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پاھىشە خانىلارغا سېتىلغانلىقى مەلۇم بولدى. زاۋۇتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر قىزلىرىغا مائاش بېرىلمىدى، بىر موچەنلىك پۇلنى يۈزىگە ئېتىپ سىنىڭ مائاشىڭنى سىنى بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەن ئورگانلارغا بېرىپ بولدۇق، دېدى. ھازىر خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىگە بىردىن قىز بېرىش توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىپ، قىزلىرىنى ئىچكىرى خىتايغا، خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىشكە قوشۇلمىغان ئۇيغۇر ئاتا – ئانىلار مەجبۇرى ئەمگەككە ۋە ھاشاغا ھايدالدى، تۈرمىلەرگە تاشلاندى، جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇرلاندى. خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل – قىز ياشلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەيدۇ؟

1 – ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش.

2 – ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش.

3 – ئۇرۇشقا يەنى رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش (ئامېرىكا ئارمىيىسى «شىنجاڭ»غا چېگرا بولغان ئافغانىستانغا يېتىپ كەلدىدە)

بىز 3 – مەسىلە توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى :

ئامېرىكىدا تەتقىقات ئورگانلىرى، ئامېرىكا جۇڭگو مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىشتى. ھەتتا دۆلەت مەجلىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ بەزى گېنېراللىرى تەيۋەن بوغىزىدا ئۇرۇش پارتلايدىغان بولسا، تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئارىلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشتى. ئەگەر شۇنداق ئۇرۇش بولىدىغان بولسا، يەر شارىنىڭ قايسى بۇرجىكىدە قۇرۇقلۇقتا خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى ئامېرىكا ئارمىيىسگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى مۇمكىن؟

ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا، ناتو ئافغانىستاندا ھەربىي بازا قۇردى. شۇنداق ئىكەن خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلىدىغان ئورۇن «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بولۇپ قالامدۇ؟ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ، ئەگەر باشقىچە غەرىزى بولمىسا، نېمىشقا ئۇيغۇرنىڭ قورال تۇتالايدىغان، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئوغۇل – قىزلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىدۇ؟

نېمىشقا خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئىچكىرى خىتايدىن يۆتكەپ كېلىپ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيلىرى، سىياسى ئاكتىپلىرى، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرى ئەمەلىيەتتە رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دېيىشتى. ھازىرغىچە ياكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ياكى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىشىنىڭ ھەقىقى سىرىدىن خەۋەردار بولالمىدى. ھەتتا 2000 – يىللاردىن باشلاپ، خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدا ھەر يىلى يىللىق دوكلاد ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان بەش بۇرجەكلىك بىنا، تەيۋەن بوغىزىنىڭ ھەربىي تەڭپۇڭلۇقى توغرىسىدىلا توختىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەربىي قۇرۇلۇشى، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە بۇ رايونغا ھەربىي يۆتكەش قاتارلىق مەخسەتلىرى توغرىسىدا ھەرگىز توختالمىدى. ئىچكىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ۋاقتانى – ۋاخ كەلگەندە ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە مۆرىنى – مۆرىگە تىرەپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلالامسىمدى؟

سىياسى ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىمىز

1 – ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مىللەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا؛ ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك سالاھىيىتى تارىخى، دىنى ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، تىلى ۋە «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ زېمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئىكەنلىكى توغرىسىدا؛ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ئۇيغۇرىستان)نىڭ تاجاۋۇز قىلىنغان دۆلەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا؛ خەلقئارا قانۇنلارغا، نىزامنامىلارغا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن لايىھە ماقۇللاپ بېرىشىنى ۋە بۇ قانۇن لايىھىنى پرېزىدېنتنىڭ تەستىقلاپ بېرىشگە يوللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

2 – ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىياسى پاناھلىق بەرگەنلىكىدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇق.

بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىياسى مۇساپىرلىق سالاھىيىتى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

3 – دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشىغا ۋە ئامېرىكا بۇ دۆلەتنىڭ ھەرخىل ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىشگە ئېرىشىش پۇرستى يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

4 – ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. (ئەلۋەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئامېرىكا خەلقىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپتىن – كۆپ مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز).

5 – ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى»دا ئۇيغۇر تىلىدا ئۇيغۇرلارغا پروگرامما ئېچىپ بېرىشىنى ۋە «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»دا ئىشلەشكە چۈشكەن ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ

ئاڭلىتىش ۋاقىت تەرتىپىنى يەنە بىر سائەت ئۇزارتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.
6 – كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەردە خىتاي ھۆكۈمىتىگە تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر قىزلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئۆلكىلەرگە مەجبۇرى يۆتكەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا؛ ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇشنى مەجبۇرى يولغا قويغانلىقى توغرىسىدا؛ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى توغرىسىدا؛ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈپ كىرىپ ئۇيغۇرلارنى ئىشسىز قالدۇرغانلىقى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزغانلىقى ۋە «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائىي نوپۇس – ئاھالە تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزغانلىقى توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا قانۇنلار ئاساسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ قانۇنى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.
7 – ياۋرۇپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدا قانۇن لايىھە ماقۇللىشىغا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
8 – ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، جەنۇبى ئاسىيادا پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرى بويىچە بېسىم ئىشلىتىپ، سىياسى پاناھلىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى، سىياسى مۇساپىرلارنى شۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكى توغرىسىدا دىپلوماتىك سۆزلىشىش ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرگە ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئالاقىدار دۆلەتلەردە قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەسىلەن، «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا 2006 – يىلىدىن بۇيان قازاقىستاندا قازاق ساقچىلىرى قولغا ئالغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سانى ئالتە نەپەردىن ئېشىپ كەتتى. («ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى») ئۇيغۇر بۆلۈمى 2007 – يىلى 5 – ئاينىڭ 30 – كۈنى شۇنداق ئاڭلاتتى)

9 – ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ كۈچىنى ۋە دىپلوماتىيە ساھەسىدە قۇدرەتلىك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا ۋە خەلقئارا ئىسلام ئىتتىپاقى ۋە خەلقئارا ئەرەبلەر ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئەرەبىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشكە، خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكى توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىشى ئۈچۈن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

10 – ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز، ئۈمىد قىلىمىز، تەلەپ قىلىمىز. ئامېرىكا بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتىدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى مەركىزى ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلىمىز.

11 – ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى بۆلۈمىدە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە مەخسۇس ۋەكىل تەيىنلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

12 – ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى 1943 – يىلى رىچارد ئېرمۇندى ئەپەندىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل قىلىپ تەيىنلىگەن. تارىختى تەرتىپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈن ئۈرۈمچىدە كونسۇل تۇرغۇزۇشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز.
13 – 2001 – يىلى يەر شارىدا تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، پۇرسەتتىن پايدىلانغان خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى «تېررورىستلار»، «دىنى رادىكالىستلار» دەيدىغان جىنايەت تۈرلىرىنى، قانۇننىڭ سىرتىدا سىياسەت بىلەن ئىجرا قىلىپ گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالدى. بۇ ئۇيغۇرلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
14 – بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ھەر يىلى ئاساسلىقى دېگۈدەك ئىسرائىللار بىلەن پەلەستىنلەر مەسىلىسىنى قاراپ كەلدى. كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە ئىسرائىللار ئەيىپلەندى. كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا بولۇپمۇ، خىتاي كوممۇنىستلىرى دەپسەندە قىلغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە سەل قارىدى. ئاڭلاشقا قوپال بولسىمۇ تۆۋەندىكى ئىشلارنى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى لايىق تاپتۇق. ئىسرائىل دۆلتى پەلەستىنلەرنىڭ نامايىش قىلىشىغا، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشىغا ھەتتا قولغا قورال ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدىغۇ؟ ئەكسىچە خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى بىرپارچە ماقالە يازغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر توختى مۇزاتقا 12 يىللىق قاماق جازاسى، بىر پارچە نەسىر يازغانلىقى ئۈچۈن نۇرمەمەت ياسىنغا 10 يىللىق قاماق جازاسى، كومپيۇتېرغا ماقالە يازغانلىقى ئۈچۈن مىنىڭ ئوغلۇم ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا توققۇز يىللىق قاماق جازاسى بەردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى پۈتۈن دۇنيانىڭ كىشىلىك

هوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلەمدۇ ياكى ئايرىم رايون ئايرىم دۆلەتلەرنىڭلا كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلەمدۇ؟ شۇڭا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك دىپلوماتىك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە يەنە بىر قېتىم هەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز.

15 – ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئېتىقادىنى چەكلەش، دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەقىپ قىلىش، «قانۇنسىز دىنى پائالىيەت» نامىدا جىنايەت ياساپ چىقىپ ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئاكابىرلىرىنى قولغا ئېلىشنى توختۇتۇش توغرىسىدا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى هۆكۈمىتىنىڭ خىتاي هۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىمىز.

2

هۆرمەتلىك ئامېرىكا خەلقى!

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوڭ قولى كۆكسىدە سالام ئامېرىكا!

تۆۋەندىكى تەلەپلىرىمىزگە، ئۈمىدلىرىمىزگە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى هۆكۈمىتىنىڭ، ئاقساراي – دۆلەت رەهبەرلىرىنىڭ جىددى كۆڭۈل بۆلۈشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 6 – كۈنى پرېزىدېنت بوش بالتىق بويىدىكى دۆلەت لاتۋىيىنىڭ پايتەختى رىگا شەهرىدە نوتۇق سۆزلىگەندە «يالتا يىغىنى ئىنتايىن زور خاتالىق بولغان ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن ۋە شەرقىي ياۋرۇپا خەلقلىرىدىن ئەپۇ سورىغان ئىدى. «يالتا يىغىنى»غا مۇناسىۋەتلىك سابىق سوۋېتلەرنىڭ شەرقىي ياۋرۇپا ئەللىرىنى ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى، شەرقىي ياۋرۇپا ئەللىرىنى ئەزگەنلىكى توغرىسىدا روسىيە فېدىراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ شەرقىي ياۋرۇپا ئەللىرى خەلقلىرىدىن ئەپۇ سورىشىغا پرېزىدېنت بوش هەيدەكچىلىك قىلدى.

2005 – يىلى 5 – ئاينىڭ 6 – كۈنى ب ب س مۇنداق خەۋەر تارقاتقان ئىدى: «روسىيە فېدىراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن مۇشۇ ھەپتىنىڭ بېشىدا گېرمانىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى 1989 – يىلى باياناتى ئېلان قىلىپ، سوۋېتلەر بىلەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 1939 – يىلى ئىمزالانغان، مولوتوپ (روسىيىلىك، دىمىنتروپ گېرمانىيىلىك) قول قويغان «روسىيە – گېرمانىيە شەرتنامىسى» ستالىنىنىڭ شەخسى قارارى بولۇپ، سوۋېت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپ ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتكە شۇ چاغدا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا سابىق سوۋېتلەر ئەپۇ سورىغان ئىدى. يەنە قايتا ئەپۇ سوراشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دېدى، ۋىلادىمىر پۇتىن .

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر !

ئۇيغۇر خەلقى 20 – ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا 1911 –، 1924 –، 1933 –، 1944 – يىلى جەمئىي تۆت قېتىم ئىنقىلاب قىلىپ 1933 – يىلى بىرىنچى قېتىم 1944 – يىلى ئىككىنچى قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرغان ئىدى. قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىككى قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئىدى. بىراق 1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق قەشقەردە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى، 1934 – يىلى ستالىن قوراللىق قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇردى. 1944 – يىلى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاننىڭ ھازىرقى ئىلى ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلار مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇردى. دەسلەپتە ستالىن خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدە بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن پايدىلانغان بولسا، كېيىن ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتنى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە «شەرتنامە» ئارقىلىق سېتىۋەتتى. مەسىلەن، 1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى موسكۋادا «يالتا يىغىنى»نىڭ رامكىسى ئىچىدە جۇڭگو سوۋېت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئوتتۇرىدا

«جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. شەرتنامىغا جۇڭگو تەرەپنىڭ دىپلوماتىيە ۋەكىلى ۋاڭ شى جې، سوۋېت تەرەپنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ قول قويىدى. تارىخنىڭ بۇ دەقىقىلىرى ئامېرىكىلىق يازغۇچى جۇن گار ۋېر يازغان :

كىتابتا پاكىتلىق ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى.
ئىككىنچى قېتىم جۇڭگو – سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتلىرى ۋە ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ 1950 – يىلى 2 – ئاينىڭ 14 – كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو – سوۋېت دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، ستالىن ئوخشاشلا «شىنجاڭ»نى بۇ قېتىم جۇڭگو كوممۇنىست خىتايلىرىغا قوشۇپ بەرگەن. ھەر قېتىم شەرتنامە ئىمزالانغاندا قوشۇمچە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مەخپى كېلىشىم ئىمزالانغان بولۇپ، بىزدەك بىر ئاجىز مىللەت ۋە بۇ مىللەت سىياسى ۋەكىللىرىنىڭ مەخپى كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولالىشى مۇمكىنمىدى؟ ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن 1950 – يىلى «جۇڭگو – سوۋېت شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان چاغدا ماۋ زېدۇڭ: «شىنجاڭ مۇستەملىككە» دەپ ئېتىراپ قىلدى. تارىخنىڭ بۇ دەقىقىلىرىدىكى ۋەقەلەر يازغۇچى جاڭ رۇڭ بىلەن خالىدەينىڭ :

ماۋزۇلۇق كىتابىنىڭ خىتايچە نەشرى 33 – بۆلۈمدە ئېتىراپ قىلىندى.
سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 1939 – يىلى ئىمزالانغان «سوۋېت – گېرمان شەرتنامىسى»نىڭ، ستالىننىڭ شەخسى ئىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا 1989 – يىلى 5 – ئايدا باياناات ئېلان قىلىپ، بۇ شەرتنامىنىڭ مەخپى ئارخىپىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىدى ۋە بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنى ئەپۇ سورىدى. ھازىرغىچە روسىيە فېدىراتسىيىسى ھۆكۈمىتى ياكى

پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن 1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى، 1950 – يىلى 2 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئىككى قېتىم جۇڭگو – سوۋېت دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىمزالانغان ھەرقانداق شەرتنامىنىڭ تارىخى خاتالىق ياكى ستالىننىڭ شەخسى ئىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغىچە بايانات ئېلان قىلمىدى.

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر تەلەپلىرى مۇنداق:

ئۇيغۇرلار 1933 - ، 1944 – يىللىرى قۇرۇلغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا 20 – ئەسىرنىڭ 40 – يىللىرىدا روسىيە ۋە جۇڭگو دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان شەرتنامىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى ياكى بىر تارىخى خاتالىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياكى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ بايانات ئېلان قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ھازىرقى كۈندە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيە فېدىراتسىيىسى ھۆكۈمىتىگە، ۋىلادىمىر پۇتىنغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ياكى مۇشۇ توغرىدا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1944 – يىلى «شىنجاڭ»دا ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ داھىسى ئەخمەتجان قاسىمى 1949 – يىلى 8 – ئاينىڭ 27 – كۈنى تا س س نىڭ خەۋىرىدە ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى، دېيىلدى. ئەمەلىيەتتە ستالىن مەخپى ئۆلتۈردى، ئۇيغۇر خەلقى ھەممىدىن ئاۋۋال مۇشۇ دېلونى روسىيە فېدىراتسىيىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە .

رەھمەت سىلەرگە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى، ئامېرىكىغا ئاللاھ يار بولسۇن .

ئىلاۋە :

ئاقسارايغا يېزىلغان خەت، لورا بوش خانىم رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، سىزنىڭ نېمە تەلىپىڭىز بار، ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە تەلەپلىرى بار دەرھال خەت ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭ دېگەندىن

كېيىن، بولۇپمۇ 7 – ئاينىڭ 2 – كۈنى ئاقسارايدا لورا بوش خانىم رابىيە قادىر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ يۇقىرىقى تەكلىپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن ئۇشبۇ خەت يېزىلدى ۋە دەرھال ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئاقسارايغا يوللاندى.

ھۆرمەت بىلەن رابىيە قادىر

2007 – يىلى 7 – ئاينىڭ 8 – كۈنى

## ئىككى دۆلەت سۆھبىتى

2005 – يىلى 8 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

8 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ۋاشىنگتوندا گۇۋەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سوت ئېچىلدى. يەنە شۇ كۈنى بېيجىڭدە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق رىسپوبلىكىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى 25 يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم دىپلوماتىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى دۆلەت سۆھبىتى ئېنىرگىيە، ئىككى دۆلەت سودىسى، تەيۋەن مەسىلىسى ۋە شۇ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقالدى. خىتاي ھۆكۈمىتى چۆچۈپ قالدىمۇ، قانداق؟ شۇ كۈنى يەنە 8 – ئاينىڭ 1 – كۈنى مەركەزدىن تۆۋەنگىچە، تۆۋەندىن مەركەزگىچە ھۆججەت تارقىتىپ بىگتۇەننىڭ قوراللىق توپىلاڭ قوزغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

ئۈچ تۈرلۈك ھادىسىنىڭ جۈملىدىن شۇ كۈنى جۇڭگو – ئامېرىكا سۆھبىتىنىڭ بېيجىڭدە باشلىنىشى، گۇۋەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ۋاشىنگتوندا سوت ئېچىلىشى، بېيجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بىگتۇەن توغرىسىدا ھۆججەت تارقىتىشى قارىماققا يەككە سىياسى ھادىسىلەردەك كۆرۈنسىمۇ، زادى قانداق سىياسى ۋە دىپلوماتىك سىياسەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ .

بۇنىڭدىن بۇرۇن 7 – ئاينىڭ 18 – ، 19 – كۈنلىرى ئامېرىكا فىدىرال دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەدىمى پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىنى، قەشقەر شەھرىنى زىيارەت قىلىپ ئۇيغۇرلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. دىنى ئېتىقاد، دىنى مۇراسىم، دىنى تەربىيىلىنىش، يەر ئاستى دىنى مەكتەپ يەنى يوشۇرۇن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى، مۇددەتسىز، مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۇچرىشى قاتارلىق خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتلىرىگە باغلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ قايتىپ كەلدى.
9 – ئاينىڭ 9 – كۈنلىرى ئەتراپىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى بىل كلىنتون ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.
8 – ئاينىڭ 18 – كۈندىن 25 – كۈنگىچە جۇڭگو بىلەن روسىيە فىدىراتسىيىسىنىڭ ھاۋا، قۇرۇقلۇق قىسىملىرى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مانېۋىرغا قاتناشقۇچى قىسىملىرى سەندۇڭ يېرىم ئارىلىدا بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. مانېۋىر ئۆتكۈزۈشتىن ئاۋۋال روسىيە فىدىراتسىيىسى ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىنى شىنجاڭدا (مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا) ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا، جۇڭگو تەرەپنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. جۇڭگو تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىنى  جېجاڭ ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا روسىيە فىدىراتسىيىسىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىنى خىتاي مەتبۇئاتلىرى ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرگەندە گويا روسىيە بىلەن جۇڭگو ھەربىي مۇناسىۋەت ئورناتقاندەك، گويا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ھەربىي ئىشلار دائىرىسىگە كىرگەندەك ماختاپ چۇقان سېلىشقا باشلىدى.
ئالدىمىزدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا (ئۇيغۇرىستان) تۈرمىلەرنى

تەكشۈرۈش، ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارنىڭ تۈرمە ھاياتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە بېرىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

**بىڭتۈەندە قورallıق توپىلاڭ**

2005 – يىلى 8 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

بىڭتۈەندە ئالىلقاچان قوراللىق توپىلاڭ پارتىلىغان ئىدى. 6 – ئايدىن 7 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بىڭتۈەندە 200 مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوزغىلاڭ پارتىلىغانلىقى توغرىسىدا قوراللىق ئېلىشىش جەريانىدا 220 كىشىنىڭ ئېغىر يارىدار بولغانلىقىدىن، يەتتە نەپەر كىشىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن، خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان دۇنيا گېزىتى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان ئىدۇق .

200 مىڭ كىشىلىك قوراللىق بىڭتۈەن ئەسكەرلىرى ئاۋۋال ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئايروپىلان ئىستانسىسىگە، ئاندىن توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھەربىي ئايرودرۇمغا ھۇجۇم قىلغان ئىمىش. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بىڭتۈەننىڭ باش شتابى قورشاۋدا قالغان ئىمىش. ئەسلىدە بىڭتۈەن، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئازادلىق ئارمىيىسى»نىڭ مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان زاپاس قوشۇنى بولۇپ، يېرىم قوراللىق، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىدىغان قوشۇن ئىدى.

بىراق بىڭتۈەن تەشكىللىنىگەندە تېرىقچىلىق قىلىدىغان، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئالقاندەك يەر، ئېتىزلارغا سۇ باشلايدىغان بىر غېرىچ ئۆستەڭمۇ يوق ئىدى. ئۇنداقتا بىڭتۈەن قانداق قۇرۇلدى؟ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەقسىز ئەمگەك كۈچلىرىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قانداق تەشكىللىدى؟

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 1950 –، 1951 –، 1952 – يىللىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىدە، يېزا – قىشلاقلىرىدا ئىجارە كېمەيتىش، ئۈچكە قارشى بەشكە زەربە بېرىش يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق سىياسى ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسايىش،

خاتىرجەم تۇرمۇشنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىپ، ئۇنى پومىشچىك ئايرىپ، بۇنى باي دېھقان، بۇزۇق ئۇنسۇر ئايرىپ، بۇنى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنى چارۋىدار ئايرىپ، بۇنى مىللەتچى، دىنى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر دەيدىغان سىياسى قالپاقلارنى سان – ساناقسىز قېرى ياش ئۇيغۇرلارغا جىنايەت قىلىپ بېكىتىپ، كوچىلاردا سازايى قىلىپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىپ، باشقىلارنى قورقۇتۇپ ياۋاشلاشتۇرۇپ، سازايى قىلىنغانلارنىڭ قول پۇتىنى ئاخىرىدا چاتماق، كىشەن سېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە چۆللەرگە، باياۋانلارغا ئاپىرىپ تاشلىدى. بۇ ئۇيغۇرلاۋە ۋە 1930 – 1940 – يىللاردا ئۇيغۇرنىڭ مىللى دېموكراتىك ئىنقىلابى دەۋرىدە قولىغا قورال ئېلىپ شىڭشىسەينىڭ ياللانما قوشۇنىنى، گومىنداڭنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى ئازادلىق ئۈچۈن بولغان جەڭلەردە مەغلۇپ قىلغان ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇل – قىزلىرى بىلەن بىرلىكتە بوز يەر ئاچتى. «پومىشچىك»، «باي دېھقان ئۇيغۇرلار بىلەن، مىللى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ جەڭچىلىرى چۆللەردە پاشىلارغا يەم بولدى. ئاقارغان سۆڭەكلىرى قۇرت – قوڭغۇزلارغا ئوۋا بولدى. جەسەتلىرى قۇم باراخانلارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ ئۇيغۇرلار بۇ چۆللۈكلەردىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيتتى. پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنغان ھالدا ئەمگەك قىلاتتى .

ھۆرمەتلىك ئۇيغۇرنىڭ ھۆرمەتلىك ئەۋلادلىرى!

سىلەر («ئوۋا دېھقانچىلىق مەيدانى» كورلىدا)، («تاش ئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى» خىتاي شىخەنزە دەيدۇ) ، (كوكرالا دېھقانچىلىق مەيندانى» غۇلجىدا)، («سوخو دېھقانچىلىق مەيدانى» قەشقەردە) دەيدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانمۇسىلەر؟ ئاتا – ئانائڭلار سۆزلەپ بەرگەنمۇ، بۇ مەيدانلار كۆچمەن خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىقى مەيدان ئىسملىرى ئىستىمالدىن قېلىپ تارىخقا ئايلاندى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى تېجىمەل خىتاي

كۆچمەنلىرى ئاچقانمىدى؟ ياق! ياكى ئاتالمىش بىڭتۇەننىڭ ئەسكەرلىرى ئاچقانمىدى؟ ياق، ياق! پومشىچىك، ئەكسىل ئىنقىلابچى ئاتالغان ئۇيغۇرلار ئاچقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىدى. ھازىرغىچە بۇ كىشىلەردىن بىرىمۇ ھايات قالغىنى يوق .
ئۇيغۇرلار ئاچقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىڭتۇەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار نامىدا خىتاي كۆچمەنلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرستانغا توختاۋسىز كۆچۈپ كىرىشكە باشلىدى. بىڭتۇەن ئىسمى – جىسمىغا لايىق دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەتكە، ھاكىمىيەت سىرتىدىكى ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ، بىڭتۇەندە سوت، ئەدلىيە مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. مەركەز بىڭتۇەنگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىش ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتىيە كومىتېتى بىڭتۇەنگە قوشۇمچە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.
بىڭتۇەننىڭ يەرلىككە باج تاپشۇرۇش ھەتتا يەر بېجى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بىكار قىلىنىپ بىۋاستە مەركەزگە باج تاپشۇرىدىغان بولدى.
بىڭتۇەننىڭ تاشقى سودىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاشقى سودىسىنىڭ 75% تىنى ئىگەللىدى، قازاقىستانغا تۇتاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرستاننىڭ ئىچكى يەر يۈزىگە ياتقۇزۇلغان تۆمۈر يولنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بىڭتۇەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇيغۇرستاندا كان ئېچىش مەشغۇلاتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بىڭتۇەنگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.
شۇنداق ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن بىڭتۇەن بۈگۈن نېمىشقا قوراللىق توپىلاڭ قىلدى؟
گېزىتلەرنىڭ خەۋەر قىلىشلىرىغا قارىغاندا چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەينى چاغدا مۇستەملىككە ئۇيغۇرستانغا يېتىپ كەلگەن خىتاي «ياشلىرى» ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئەمدىلىكتە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان ئىمىش. ئىش ئۇنچە ئاددى بولمىسا كېرەك؟

1 . بگتۇەن، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تونۇپ يەتتى. 9 – سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي بازا قۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى .
2 . بگتۇەن، خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى، ئىقتىساد ۋە سىياسەتكە باغلىق تۈزۈلمە خاراكتېرلىك كرىزىسىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى .
3 . بگتۇەن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا مىللى زىددىيەتلەرنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. شۇڭا بگتۇەن خىتايلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.
بگتۇەندە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭغا ۋاڭ لې چۈەن قانداق مۇئامىلە قىلدى؟
1997 – يىلى 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئۇيغۇرلار ئىلى ئۆلكىسىدە نامايىش قىلغاندا ۋاڭ لې چۈەن قوراللىق قىسىملارنى ئىشقا سېلىپ باستۇرغان بولسا، بگتۇەندە خىتايلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ۋاڭ لې چۈەن قوراللىق قىسىملارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتمەي، مەركەزدىن زىلڭ پىيۇەن دېگەن كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، بگتۇەن بىلەن ۋاڭ لې چۈەننىڭ زىددىيىتىنى ھەل قىلىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدى. زىلڭ پىيۇەن بېيجىڭدىن پۇل كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ۋاڭ لې چۈەننىڭ زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى كۆرۈپ قويۇڭلار، ۋەتەنداشلىرىم!
بۈگۈن ۋاڭ لې چۈەن ئۈچ خىل مۇرەككەپ زىددىيەتنىڭ قورشاۋىدا قالدى.
1 . بگتۇەننىڭ مەمۇرى ئاپپاراتى بىلەن ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت .
2 . بگتۇەن خىتايلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت .
3 . خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت .
ئۈچ خىل مۇرەككەپ زىددىيەتلەر مۇناسىۋىتى ۋاڭ لې چۈەن ھاكىمىيىتىنى قورشاۋغا ئالدى .

بىگىتۇەن بىلەن ۋاڭ لى چۇەن خىتاي كۆچمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ياراشتۇرۇپ مىللى ئۆچمەنلىكنىڭ تىغ ئۇچىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىش ئۈچۈن ۋاڭ لى چۇەن 8 – ئاينىڭ 25 – كۈنى بېيجىڭدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ رابىيە قادىر ۋە ئۇنىڭ ئەقىدە شىركىتىگە قارشى قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ھۇجۇم قىلدى. سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ۋە كۆچمەنلەر ئىدىيىسىنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن پەيدا بولغان زىددىيەتلەرنى، نارازىلىقلارنى ۋاڭ لى چۇەن ئۇيغۇرلارغا، رابىيە قادىرغا، ئەقىدە شىركىتىگە ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلماقچى بولدى .

**ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا**

2005 – يىلى 9 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

ۋاڭ لى چۇەن 8 – ئاينىڭ 25 – كۈنى بېيجىڭدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئاساسلىنىپ مۇھىم دىققىتىمىزنى خەلقنىڭ غەم ئەندىشىلىرىنى، قىينچىلىقىنى تۈگىتىش، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىش ئىشلىرىغا قاراتتۇق دەپ، كۆرسەتتى .
ئەگەر جۇڭنەنخەيدە بەگلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى خەلقنىڭ غەم ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىشكە قارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا ھازىرقى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ غەم ئەندىشىلىرى نىمە؟ ئۇيغۇرلارنىڭ %99 دېھقان، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى نېمىشقا يېزىلاردا قۇرۇلغان خىتاي بانكىلىرىنىڭ ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرىغا قەرزدار بولۇپ قالىدۇ؟ 60 – يىللاردا سولچىل لۇشيەننىڭ كاساپىتى دەپ ئەيىپلىنىپ سولچىل خىتايلارغا ئارتىپ قويۇلغان كوممۇنا دەۋرىدە ئېتىزلىقتا 16 – 18 سائەت ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى، يېزا ۋە ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە ئورگانلىرىغا ئائىلە ۋە شەخسلەر بويىچە قەرزدار بولۇپ قالغان، كەچكۈز يېتىپ كەلگەندە ھېسابات بوغدىغان ئاتالمىش يېزا كادىرلىرى، بوغالتىرلار، كاسسىرلار، قەرزدار دېھقانلارنىڭ

ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ، دېھقانىنىڭ ئاستىغا سالدىغان بىر پارچە كىگىزنى، بولمىسا ئاستىغا سالدىغان بىر پارچە بورسىنى، قوتىنىدىكى بىر تۇياق تاز ئۆچكىسىنى ياكى ھويلىسىدا دانلاپ يۈرگەن بىر ئىككى توخۇسىنى قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى .
شۇ چاغلاردا يېزىلارنى تەكشۈرۈشكە، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ روھى قىياپىتىنى تەكشۈرۈشكە، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىككە مۇناسىۋەتلىك خەلق داھىسى سىناشقا يېتىپ كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خىتاي يازغۇچى ليۇ شاۋۋۇ خىجىل بولۇشنى بىلمىسمۇ بۇ قېتىم دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ، خىتاي جېنىدا ئىچ ئاغرىتىپ :
بىر ئاز كەندىر تېرىمىساڭ قىرغا،
نېمە كېيسەن بارساڭ بازارغا .
دەپ يازغان ئىدى. دېھقانلارغا ئىقتىسادى زۇلۇم سېلىپ شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشمۇ «مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى» ھېسابلىنامتى، قانداق؟ «ئامما ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھېسابلىنامتى قانداق؟ شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرنىڭ مەرھۇم يازغۇچىسى زوردۇن سابىر «قەرزدار» ماۋزۇلۇق ھېكايىسىنى يېزىپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق دەرد – ئەلەملىرىنى ئاشكارىلىغان ئەمەسمىدى؟ ۋاڭ لې چۈەن بۇ ئاتالمىش مەسىلىلەرنى قانداق چۈشەندۈرۈپ قويالايدۇ؟ مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى نېمە؟ ماۋ زېدۇڭ دەۋرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى نېمە ئىدى؟ دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن دەۋرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى نېمە ئىدى؟ بۈگۈن خۇجىنتاۋ دەۋرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى زادى نېمە؟ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغىنى ئوخشاشلا مۇستەملىكچىلىك سىياسەتتۇر .
بىراق خىتايدا پەرىقلىق سىياسى تەرتىپ ئورناتقان قانداقتۇر بىر كىشى بولمىغانلىقتىن، ماۋ زېدۇڭ دەۋرى، جياڭ زېمىن دەۋرى دەپ، دەۋرلەرگە ئايرىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. ئېھتىمال بەزىلەر ئىقتىسادى

ئىسلاھات دەۋرلەر پەرقىنى پەيدا قىلدىغۇ؟ دەپ، سوئال قويۇشى مۇمكىن. كەچۈرۈڭلار! ئەپەندىلەر خىتايدا ئىقتىسادى دەۋر ياراتقان خىتاينىڭ سىياسى دەنالىرى ئەمەس، خىتايدا ئىقتىسادى دەۋرلەرنى پەيدا قىلغانلار (مەسىلەن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشتىن ئاۋۋالقى دەۋر، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىنكى دەۋر) ئەلۋەتتە ئامېرىكىلىقلاردۇر .

ۋاڭ لې چۈەن : بىرنەچچە مۇھىم ئىش قىلدۇق . شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) يەر تەۋرەشنىڭ پائالىيەتچان رايونى، شىنجاڭ )ئۇيغۇرىستان)نىڭ غەربىدىكى تۆت ئوبلاست، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى رايونى پائالىيەتچان يەر تەۋرەش رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇش، خاتىرجەم تۇرمۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۆتكەن يىلى 150 مىڭ 800 يۇرۇش ئېغىز ئۆي سالدۇق. بۇ يىل 350 مىڭ ئېغىز ئۆي سېلىپ، بەش يىل ئىچىدە بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا بەل باغلىدۇق، دېدى .

داۋاملىق خەلق ئۈچۈن سىياسەت سۆزلەپ تۇرىدىغان ۋاڭ لې چۈەننىڭ سىياسى سۆز ئىبارىلىرى غەلىتە بىر ماۋزۇغا مۇراجىئەت قىلغاندەك تۇرامدۇ، قانداق؟ يەر تەۋرەش بىلەن ئۆي سېلىشنىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇيغۇرىستاننىڭ پەيزى ئاۋات ناھىيىسىدە ئىككى قېتىم يەر تەۋرىدى .(1997 – يىلى 1 – قېتىم، 2003 – يىلى ئىككىنچى قېتىم). ۋاڭ لې چۈەن ماكانسىز قالغان ئۇيغۇرلارغا ئۆي – ئىمارەت سېلىپ بەرگەنمۇ؟ شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) قاچاندىن باشلاپ پائالىيەتچان يەر تەۋرەش مەيدانى، رايونى بولۇپ قالدى؟ قەشقەر شەھىرى يەر تەۋرەش رايونىمۇ؟ تىلىمىز چىققاندىن باشلاپ ھازىرغىچە قەشقەر شەھىرىدە يەر تەۋرىگەن ھادىسىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئۇنداقتا، قەشقەر ھېيتكاھ جامائەسىنىڭ ئالدى، يان تەرەپتىكى بىنالار نېمىشقا چېقىۋېتىلدى، ئاسارە – ئەتىقە قىممىتىگە ئىگە قۇرۇلۇشلار نېمىشقا چېقىۋېتىلدى؟ ۋاڭ لې چۈەنگە يەر كېرەك بولدى. شۇڭا يۇقىرىقى ئىمارەتلەر ۋە ئاسارە

– ئەتنقە قممتى بار قۇرۇلۇش، ممارلار ۋاڭ لي چۇەنگە ئۆي سېلىپ بېرىش، ۋاڭ لي چۇەنگە مېھمانخانا سېلىپ بېرىش ئۈچۈن چېقىشۋېتىلگەن ئەمەسمۇ؟ ۋاڭ لي چۇەن كىملەرگە ئۆي – ئىمارەت سېلىپ بېرىدۇ؟ خىتاي كۆچمەنلىرىگە! خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كەلگەن هامان، يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۆي – ئىمارەت سېلىپ بېرىش ئارقىلىق ۋاڭ لي چۇەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆچۈپ ئۇيغۇرىستانغا كىرىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. بۇ يەردە دېمەك، خىتاي كۆچمەنلىرىگە بەخت يارىتىپ بەرگەن ۋاڭ لي چۇەن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا ئاپەت تېرىپ بەرگەن ۋاڭ لي چۇەن ئەمەسمۇ؟

مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى ئۆي سېلىش بولسا، خۇددى ماۋ زېدۇڭ ئاسماندا ئۈچۈپ يۈرگەن قۇچقاچنى «قوغلاپ ئۆلتۈرۈش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك بىر ئىش بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا، مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

ئوتتۇرا ئەسىر، ئىتالىيىنىڭ سىياسىئونى ماكياۋىللى :

بىر رايوننى كونترول قىلىشنى دۆلەت تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىشنى نىيەت قىلساڭ بۇ رايوندا ئەسكەر تۇرغۇزماي، بۇ رايونغا ئاھالە كۆچۈر» دېگەن. مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا ئاھالە كۆچۈرۈش ماكياۋىللى ئىدىيىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونەخەينىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلانغانلىقىدۇر. خىتاي كۆچمەنلىرىگە بەخت يارىتىپ بېرىش، ئۇيغۇر خەلقىنى نامراتلاشتۇرۇش، ۋاڭ لي چۇەن ئېيتقاندەك خىتاي كۆچمەنلىرى ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكتۇر .

**لوندۇندا ....**

2005 – يىلى 9 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

«ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 9 – ئاينىڭ 2 – كۈنى لوندۇندا باياناتا ئېلان قىلىپ: ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورجى بوشنىڭ، جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇيغۇر سىياسى

مەھبۇسلارنى تۈرمدىن قويۇپ بېرىش ۋە رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە – تاۋاباتىغا سىياسى زىيانكەشلىك قىلىش ۋە سودا – تىجارەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى توختۇتۇش توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىردى.
ئەپسۇسكى خۇ جىنتاۋ ئەپەندى ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئامېرىكىدا سۇ ئاپتى يۈز بەرگەنلىكتىن ۋەتەنپەرۋەر ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن جىددىلىكتىن ئېيتقاندا، مېھمان كۈتۈشنىڭ ئورنىغا خەلقنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەلا بولۇپ قالدى .
رەئىس خۇ جىنتاۋغا نىسبەتەن بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن ئېيتقاندا، زىيارەت جىياڭ زېمىننىڭ سالاھىيەت تىكلەش زىيارىتىگىمۇ ئوخشىمايتتى. جۇرۇڭجىنىڭ «كۆڭۈل ئېچىش» زىيارىتىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ۋانجىيا باۋنىڭ «خىزمەت زىيارىتى»گە تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. خۇجىنتاۋ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە بۇ قېتىمقى ئامېرىكا زىيارىتى، 21 پاي ھۆرمەت سالىيوتى ئېتىلىپ، دۆلەت زىياپىتى بېرىلىدىغان مۇئامىلىگە ئىگە بولۇش ئىدى. بىراق، بۇ خىياللار ئەمەلگە ئاشماي قالدى.
خۇ جىنتاۋ ئەپەندى بۇ قېتىمقى ئامېرىكا زىيارىتىنى «ئۆزىنى ئىپادىلەش زىيارىتى» دەپمۇ قارىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خۇ جىنتاۋ دەۋرىدىكى تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىنى پۈتۈن دۇنياغا كۆرسىتىپ، خىتاينىڭ دۇنياۋى رولىنى پۈتۈن دۇنياغا كۆرسىتىپ قويماقچى، شۇ ئارقىلىق خىتاي تەھدىتى نەزەرىيىسىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقماقچى، خىتاينىڭ تىنچ يول بىلەن باش كۆتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، خەلقئارادا خىتاي ساداسىنى، ئىتتىپاقداشلارنى كۆپەيتمەكچى بولغان ئىدى. ئەپسۇسكى خۇ جىنتاۋ ئەپەندى ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش پۇرستىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى.
ھەممىگە مەلۇم ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋىتى ھازىرقى دۇنيادا ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەت ھېسابلىناتتى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى نېمىشقا خۇ جىنتاۋنى يېرىم يولدىن قايتۇرىۋەتتى ...؟

**ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن ئىمىش**

2005 – يىلى 9 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

ۋاڭ لې چۈەن ئۇيغۇرلارغا قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى ؟

ۋاڭ لې چۈەن 1995 – يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھوقۇق قەسرىگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدا، مىللى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا، ئاتالمىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ۋەھاكازالار توغرىسىدا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەن ئىدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ۋاڭ لې چۈەن ئىككىنچى سىنىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ساۋادىغا ئىگە خىتاي ئىكەن. پارتىيە مەكتىپىدە ئۈچ ئاي ئوقۇپ ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئىكەن. پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ بىر كېچىدە مەلۇماتلىق كىشىگە ئايلىنىپ قېلىشى خىتاي جەمئىيىتىدە نورمال ئىش ئەلۋەتتە. بىراق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قانۇن ۋە ئەخلاقنى چۈشىنىدىغان رەھبەر بولالامدۇ؟

1995 – يىلى 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ئۇيغۇرىستاننى خىتاينىڭ مۇستەملىككە قىلغان بايرام كۈنى، پاراتتىن ئۆتكۈچىلەر ئارىسىدا تۈنجى بولۇپ پاراتتىن ئۆتۈشتە ئاۋۋال قايسى مىللەت مەيدانغا كىرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇنازىرە، تالاش – تارتىش قىلىشتى.

بەزىلەر ئاتالمىش 13 مىللەت بىرلىشىپ مەيدانغا كىرىدىمۇ، دېيىشتى. ئۇيغۇرلار : بۇ رايون «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، مەيدانغا، پاراتتىن ئۆتۈشكە ئاۋۋال ئۇيغۇرلار كىرىشى كېرەك» دېيىشتى. ۋاقىت قىس ئىدى. ئۇيغۇرلار مەيدانغا ئاۋۋال كىرىشنى قولغا كەلتۈردى... ئاسمانغا قويۇپ بېرىلگەن شار (پانۇس) تۇيۇقسىز پارتلاپ كېتىپ، قاچىلانغان گاز تەرەپ – تەرەپكە چېچىلىپ، پاراتقا دەسلەپ كېتىۋاتقان 700 نەپەر

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ يۈز – كۆزلىرى كۆيۈپ كەتتى. سۇئىقەستنى كىم پىلانلىدى؟ ئوقۇغۇچىلار تېزلىكتە دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈلدى. تۆمۈر داۋامەت 10 يۈەنلىك رادىئودىن 700 دانە سېتىۋېلىپ دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغاندەك بولدى. كۆيۈپ يارىلانغان بۇ ئوقۇغۇچىلار ھازىر نەدە؟ بۇرۇنمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى، ھازىرمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ.
... مەسلىنىڭ ماھىيىتىنى ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىدىن ئىزدىمەي ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇدلىقىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن ختاي مۇستەملىكچى مىللى ھۆكۈمدانلىرى ھەدېگەندە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى مىللى ھۆكۈمدانلىقنى مۇستەھكەملەشنىڭ بىردىنبىر چارىسى قىلىۋالدى. سىياسەت شۇنداق بەلگىلەنگەن، ئىجرا قىلىشمۇ شۇ تەرىقىدە ئىجرا قىلىنغان «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن، مىللى تەڭلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇنمۇ؟ ھوقۇقى باراۋەرلىكتىن، گراژدانلىق ھوقۇق تەڭلىكىدىن سۆز ئاچماي، نوقۇل ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلەش بۇ سىياسى زوراۋانلىقنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟
... سىياسى ھېلە – نەيرەڭ بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟ ختاي مۇستەملىكچىلىرى، ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىككە قىلىپ ۋە ئاپتونوم رايون قۇرۇپ بېرىش تارىخىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لې چۈەن، سابىق پرېزىدېنت كلىنتۇننى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، بىگىتۈەن پەيدا قىلغان سىياسى نامايىش خاراكتېرلىك، قوراللىق نامايىشنىڭ تىنچىتىلغانلىقىنى سابىق پرېزىدېنت كلىنتۇنگە كۆرسەتمەكچى بولىۋاتىدۇ.
ئارقىدىنلا ۋاڭ لې چۈەن 200 نەپەر قوراللىق كىشى چېگرادىن كىردى... دۆلەت بايرىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى، دېدى. تەشۋىق – تەرغىبات تارقاتتى، قوراللىق كىشلەر قايسى دۆلەتتىن، قايسى تەرەپتىن كىردى. مۇستەملىكچى ختاي كۆچمەنلىرى بۇ توغرىدا بىرنەرسە دېمىدى. بۇ

خىلدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان سىياسىي غەرەز نېمە؟

**سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى**

2005 – يىلى 10 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى دېگەن نېمە؟

خىتاي كوّچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لې چۈەن ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرلىگەندەك بولدى. ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى خىتاي تېجىمەللىرىگە مۇستەملىككە بولغان تارىخىنىڭ 55 يىلىنى ۋەھىمە ۋە ئۈمىد، ئەندىشە ۋە دەككە – دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولدى.

55 يىل ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيلىرى، ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئاكابىرلىرى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتتە، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلىرى مۇھاكىمە، مۇتالىيە قىلىدىغان سورۇنلارنى تۈزەلمىدى. ئۇيغۇر مىللەت سۈپىتىدە ئىختىيارى تەپەككۇر قىلىش ماكانىغا، ئىستېتىزىملىق تەپەككۇر قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىياسىغا ئارىلىششى، ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق سىياسىغا ئارىلىششى مۇتلەق مۇمكىن بولمىدى. ئۇيغۇرلا ر سىياسىي تۇرمۇشتىن ـــ ئىدىيە، پىكىر، غايىۋى ئىدىيىلەرنى ئۆزئارا تەجرىبىلەرگە، ئادەتتىكە ئايلاندۇرىدىغان سىياسىي تۇرمۇشتىن تامام ئايرىلىپ قالدى.

«شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ئەفكارلار، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، «قەشقەر خەلق نەشرىياتى» قاتارلىق مەتبۇئات – نەشرىياتلارنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تەشۋىقات – ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى كونترول قىلىۋالدى. ئەمدى بۈگۈن ئۇيغۇر تىللىق تور بەتلىرىنى تامامەن كونترول قىلىۋالدى. تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش، رادىئو ئىشلىرى ۋە بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى

تامام خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، باشقۇرۇشى ئاستىدا، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بىر مەنبەئەلىك سىياستىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋاستىلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ئالايلۇق «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئات ئورگانلىرىدا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەر، ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك خىتاي مۇخبىرلىرىنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى تامامەن تەرجىمە گېزىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى 55 يىلدىن بېرى قەلەمنى قولىغا جۈرئەتلىك ئالالمىدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلالمىدى. مەسىلەن، سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى كىشىلەرنىڭ تونۇشى، بىلىشكە ياردەملىشىدىغان ھەقىقەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. مەتبۇئات ئەركىنلىكى بولغاندا، يېڭى ھەقىقەتلەر كۆپچۈلۈكنىڭ قارشى تۇرۇشى ئارقىلىق بۆشۈكىدە بوغۇلۇپ قالمايتتى، بەلكى جامائەت بىلەن ئۇچرىشاتتى.

تىل بىلەن تەرەققىيۇرنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش ئۇسۇلى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولمىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارى ئانا تىل — ئۇيغۇر تىلىدىن ئايرىلىپ كەتتى .

ھەرقانداق گىراژدانىنىڭ باراۋەر پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك، ھەر خىل مەسىلىلەر، ھەرخىل ھادىسىلەر مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا پىكىر قىلىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلار 55 يىلدىن بېرى شۇنداق ھوقۇقلارغا ئېرىشەلىدىمۇ؟ توختى مۇزاتنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ نۇرمەمەت ياسىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تۈزۈپ تارقاتقان «ئاساسى قانۇن»نىڭ قىممىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىدا نېمە بولدى؟ مۇستەملىكچىلەر تۈزگەن ئاتالمىش ئاساسى قانۇننىڭ قىممىتى

شۇ قانۇننى تۈزۈشكە سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ قىممىتى بىلەن باراۋەر بولالمىدى.
ئادەملەرنىڭ ھەددى، ھەرىكىتىنى، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ئوي – پىكرىنى يەنى پىكى رقىلىش ئۇسۇلىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلىدىغان قانۇن بارمۇ؟ ھەددى – ھەرىكەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلىدىغان قانۇن باردۇر دۇنيادا! بىراق ئادەملەرنىڭ ئوي – پىكىرلىرىنى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلىدىغان قانۇن پەقەت خىتايدىلا تېپىلىشى مۇمكىن .
بۇنداق قانۇن ھەرقانداق يەردە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى تەن ئالغان قانۇن بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق تۈزۈلگەن قانۇن ئۈچۈن بۇ قانۇننىڭ ماھىيەت ۋە شەكلىدىن ئېيتقاندا، سېنىڭ ھەددى – ھەرىكىتىڭ ۋە مېنىڭ ھەددى – ھەرىكىتىمدىن باشقا، مەنمۇ، سەنمۇ مەۋجۇت بولماي قالىمىز بەلكى، ھەتتا قانۇننىڭ ئوبيېكتى بولماي قالىمىز. بۇنداق قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەيلى خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنى بولسۇن ياكى خىتايلار ئۇيغۇرلارغا تۈزۈپ بەرگەن مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەددى – ھەرىكەتلىرىنى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى، سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان قانۇن بولماستىن، شۇنداقلا ھەددى – ھەرىكەتلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن قانۇن بولماستىن بەلكى، ئىنساننىڭ ھەددى – ھەرىكەتلىرىنى، سۆز پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىنى تامامەن چەكلىگەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمدانلىقىغا ئىتائەتمەن پۇقرا بولۇش يولىنىلا كۆرسىتىپ بەرگەن قانۇنلاردۇر.
سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى بېرىلگەن، پۇقرالار شۇنداق ھوقۇققا ئېرىشكەن ئەللەردە ئىنسان ئەركىن پىكىر قىلالايدۇ؛ يېڭى – يېڭى ھەقىقەتلەرنى بايقىيالايدۇ، سەپسەتەلەرنى ھەقىقەت دەپ، قارىمايدۇ.

**چىراق ياققان ئۇمۇمى كېچرىم ...**

2005 – يىل 10 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت – سائادەتكە چىراق ياققان «ئۇمۇمى كېچرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى.

ھۆرمەتلىك ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم!

رابىيە خانىم قادىر قىزى غەربىي ياۋرۇپا ۋە شىمالىي ياۋرۇپادا يەتتە دۆلەت ئىككى شەھەرنى كىشىلىك ھوقۇق زىيارىتى قىلىپ مەسىلەن، گوللاندىيە، دانىيە، شىۋىتسىيە، نورۋىگىيە، شىۋىتسارىيە، بىلگىيە، لىيوكسىمبورگ قاتارلىق دۆلەتلەر جۇملىدىن شىۋىتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھرىنى ۋە نورۋىگىيىنىڭ ئوسلو شەھرىنى كىشىلىك ھوقۇق زىيارىتى قىلىپ (10 – ئاينىڭ 5 – كۈندىن 10 – ئاينىڭ 30 – كۈنگىچە) غەلىبە بىلەن ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلدى.

«ئۇمۇمى كېچرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەرشنى يۇقىرىقى دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇمۇمى كېچرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 1990 – يىللاردىن باشلاپ، بارىن ۋەقەسىنى يىپ ئۇچى قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىگە كۆڭۈل بۆلگەن .

1999 – يىلى 4 – ئاينىڭ 20 – كۈنى ئۇمۇمى كېچرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ت . كومار ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا 100 بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلاد بەرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردى، بىر مىللەتنىڭ يەنى قەدىمى مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتنىڭ ياكى خىتاي مىللىتىنىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇقى، ئادىملىك قىممىتى، سىياسى ھوقۇق سوبيېكتى بولۇش سالاھىيەتلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر

ملللتىنىڭ ئېچىنىشلىق رېئال قىياپىتى سىياسەت مەيدانىدا سەھنىگە چىقتى.
ئومۇمى كېچىرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ – پۇشقاقلىرىدا كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، ئىززەت – ھۆرمىتى ھاقارەتلەنگەن، ئادەم تەبىئىتى خورلاشقا دۇچار بولغان كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، تۈرمىلەردە ناھەق جازالانغان سىياسى مەھبۇسلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىنسانپەرۋەر خەلقئارا تەشكىلاتتۇر.
ئومۇمى كېچىرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن ئىبارەت بىنورمال قانۇنى تەرتىپلەرگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلدى. ھازىرقى دۇنيادا سىياسى ئامىللار تۈپەيلى قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا دۇچار بولىدىغان ئۇيغۇر مىللىتىدىن باشقا ھېچقانداق بىر مىللەت يوق. ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن باشقا سىياسى ئامىللار تۈپەيلى ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان ھەرقانداق رايون، يەنە باشقا بىر دۆلەتمۇ يوق .
ئومۇمى كېچىرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىگە كۆڭۈل بۆلگەندە، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلدى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ راينى ئاساس قىلغان ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا دوكلاد تەييارلاپ، ھۆججەت چىقىرىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىغا ھەتتا ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرىگە يوللاپ تۇردى.
ئومۇمى كېچىرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ 2004 – يىلى «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى، خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈشى بىلەن جازالىنىشتىن قېچىۋاتقان ئۇيغۇرلار» ماۋزۇلۇق تەييارلىغان دوكلادى، كېچىرىم تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردە

تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەللەر ھۆكۈمەتلىرىگە يەتكۈزۈلدى.
2003 – يىلى 5 – ئاينىڭ 25 – كۈنى خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ مەسىلىسى» توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى. 5 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ئومۇمى كېچرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ۋاشىنگتوندا مۇخبىرلار كۇلۇبىدا يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلادى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا توختالغاندا، رابىيە قادىرنىڭ خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى توغرىسىدا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم پەيدا قىلدى. سىياسى پانالىق تىلەپ، خىتاينىڭ باستۇرۇشىدىن قېچىپ ھەرقايسى دېموكراتىك ئەللەرگە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلارغا، ھەرقايسى ئەللەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىياسى پانالىق بېرىشى توغرىسىدا چاقىرىق ئېلان قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى پانالىق تىلەشكە يوللۇق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئاساسلىنىپ قەيت قىلدى.
بۈگۈن ئومۇمى كېچرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 10 – ئاينىڭ 5 – كۈنىدىن باشلاپ 25 – كۈنىگىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق داۋاسى بىلەن رابىيە قادىرنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي ياۋرۇپاغا زىيارەتكە بېرىشىنى تەشكىللەپ غەربىي ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنىڭ ۋە ئىسكاندونوۋىيە دۆلەتلىرىنىڭ ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى .
ئومۇمى كېچرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جاسارىتىنى، تەجرىبىلىرىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە ئېلىپ كىردى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئېچىنىشلىق تەقدىرنى ئاۋۋال ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە

ئېلىپ كىرگەن تەشكىلات، ئومۇمى كېچىرىم كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئىدى.
ئاق كۆڭۈل ئامېرىكا خەلقى، ئومۇمى كېچىرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن ئازاد بولۇشى توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئاخىر رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد قىلدى.
رابىيە قادىر لىيوكسومبورگ شەھرىدە «لىيوكسومبورگ ئاۋازى گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «مىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىمنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازى دەپ، ماۋزۇ قويۇ» دېگەندەك؛ «لىيوكسومبورگ ئاۋازى گېزىتى»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازى» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر تارقاتتى، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى «رىئالوگ فوندى جەمئىيىتى»نىڭ رەھبىرى جون كام ئەپەندى، بېيجىڭدە خەلقئارا مۇخبىرلارغا: رابىيە قادىر ئاۋازىنى تاشقىرى دۇنياغا ئاڭلىتالمىغان بىر مىللەتنىڭ ئاۋازىغا ئايلاندى» دەپ، كۆرسەتكەندەك، ئومۇمى كېچىرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رابىيە قادىرنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازىغا ئايلاندۇردى.

**ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيىسى**

2005 – يىلى 10 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

خىتاينىڭ نېفىت – ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيىسى ۋە سىياسى كېڭەيمىچىلىك ئىستراتېگىيىسى
خىتاي نېفىت شىركەتلىرىنىڭ، مەخسەتلىك ھالدا ئامېرىكىنىڭ نېفىت شىركىتىنى سېتىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئالدىراپ – تىنەپ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، رىقابەتچىسى ھىندىستاننى مەغلۇپ قىلىپ قازاقىستان نېفىت شىركىتىنى سېتىۋالماقچى بولغان ئىدى. قازاقىستاننىڭ نېفىت سانائىتىگە مەبلەغ سالغان كانادا

هۆكۈمىتى خىتاي نېفىت شىركەتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش تەلەپلىرىنى تەستىقلىدى. روسىيە فىدىراتسىيىسى، ھىندىستان، خىتاي ئۈچ دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفىت، تەبىئى گاز مەنبەئەلىرىنى تالىشىش كۈرىشى شۇنداق قىلىپ خىتاينىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى .
كانادا ھۆكۈمىتى توغرا ئىش قىلدىمۇ؟ ساددا پىكىر قىلغۇچى بىزدەك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كانادا ھۆكۈمىتى خاتا قىلدى! شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويۇشى توغرا بولدىمۇ؟ توغرا بولمىدى! خىتاينىڭ نېفىت سانائىتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ گۇلە – قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. نېفىت – ئېنېرگىيە مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ خىتاينى چەكلىشىگە قارشى، قازاقىستان نېفىتلىكىنى سېتىۋېلىش ئاقىلىق غەلىبە قىلدۇق، دېيىشتى.
خىتاي نېفىت – ئېنېرگىيىگە موھتاج بولغان بۈگۈنكى كۈندە ھەر تەرەپتىن نېفىت مەنبەئەلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشكەنلىكتىن خەلقئارا جەمئىيەت ئەنسىرىگەن بولسا، بۇنداق ئەنسىرەشنى ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى**

2005 – يىلى 10 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

«قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى» دېگەن نېمە؟

خىتاينىڭ 16 – نۆۋەتلىك 5 – ئومۇمى يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى جەمئىيەتنىڭ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان «قانۇنلار»نى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى. قىزىقارلىقى شۇ يەردىكى، خىتاينىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى «ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ قانۇن تۈرغۈزۈش» شۇئارىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە نەزەر ئاغدۇرۇلغان «قانۇنلار»نى شۇ تەرىقىدە مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى. قانۇن تۈرغۈزۈشنى خىتايدا دېموكراتسىيىلەشتۈرۈش، بەلكى، يۇقىرىقى

«ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ قانۇن تۈرغۇزۇش» نىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟
«دۇنيا گېزىتى»نىڭ تەھرىرلىرى: قانۇن تۈرغۇزۇشنى دېموكراتسىيىلەشتۈرۈش، خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەت تەييارلىقى يەنى سىياسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، سىياسىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا ئىزدىنىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى.
خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى «قاراپ چىقىش ۋە تەكشۈرۈش قانۇنى»، «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن لايىھىسى»، «شىركەت قانۇنى ۋە پاي چېكى قانۇنى» «خۇسۇسىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى.
تاپاۋەت بېجى – باجگىرلار خالىغانچە تەخمىن قىلىپ، باھالاپ باج ئالاتتى، بۇنداق ئەھۋال خۇسۇسىلارغا باج ئوغۇرلاشنىڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەنلىكتىن بۇ ئىمكانىيەت باج تاپشۇرغۇچىلارغا ئەمەس ئەمەلىيەتتە باج ئالغۇچى باجگىرلار پايدىلىنىدىغان ئىمكانىيەت بولۇپ قالاتتى. ئىمكانىيەتتىن پايدىلانغان باجگىرلار خۇسۇسى تىجارەتچىلەرنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ كىرگەن دېھقانلارنى قاقتى – سوقتى قىلاتتى. باج ئالغۇچى باجگىرلارنىڭ سەككىز يانچۇغىنىڭ بىرسى دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، يەتتە يانچۇقى، خوتۇن – بالا چاقىسىغا، خوجايىنلىرىغا، دوست – يار بۇرادەرلىرىگە خىزمەت قىلاتتى. باجگىرلارنىڭ خىيانەتچىلىكى، پارىخورلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، خۇسۇسى تىجارەتچىلەرنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا ئىش باجگىرلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە ئالاقدار قانۇن تۈزۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر دېھقانلىرى قانداق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولار؟
يەنە بىر قانۇننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ كىشىلەرنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغان بىر ئىش بولۇپتۇ. يەنى «مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى قانۇنى». بۇ قانۇن

ئاتالمش ختايچه خۇسۇسى مۈلۈكنى قوغداشقا ئالاقدار قانۇن بولغانلىقتىن، بۇ قانۇن
خۇسۇسى مۈلۈكنىڭ دائىرىسىنى قانداق بەلگىلەيدۇ؟ يەر، ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا دۆلەتنىڭ زېمىنى دەپ، بەلگىلەنگەن. يەرگە خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئۇيغۇر دېھقانلىرى زادى نېمىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسى مۈلكى دەپ، ھېسابلايدۇ؟
گېزىتلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا: بۇ قېتىم قانۇن لايىھىلىرى تۈزۈلۈپ بولغان ھامان ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئامما، خەلق زادى قايسى خەلق، زادى قايسى ئامما؟! ختاي خەلقى، ختاي ئاممىسىمۇ ياكى قانۇن لايىھىلىرىگە پىكىر بېرىدىغان خەلقنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىمۇ بارمۇ؟
قانۇن تۈرغۇزۇشنىڭ ئۇتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن بىردەكلا، كىشىلەر بۇ ئىش دائىرىلەرنىڭ دېموكراتىك قانۇن تۈزۈشنى سىناپ بېقىشى دەپ، پىكىر قىلىشتى. مۇبادا دائىرلەر قانۇن لايىھىلىرىنى تۈزگەندە ياكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى تۈزگەندە، ئاممىدىن پىكى رئېلىشنى راستىنلا ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئاساسى قانۇننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان دەۋرنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇيغۇر خەلقى جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئاساسى قانۇننى زادى قانداق ئاساسى قانۇن دەپ، سوئال قويالايدۇ. ئۇ ھالدا ئۇيغۇر مىللىتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىنى قايتا تۈزىدىغان چاغدا ئۇيغۇرلار ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرالامدۇ؟ بۇرۇن ئاساسى قانۇن تۈزۈلىدىغان چاغدا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرالىغانمۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ قانۇنشۇناسلىرى ختايدا قانۇن تۈزۈشكە قاتناشتۇرۇلغانمۇ؟
نۆۋەتتە خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى قانۇن لايىھىسىنى ئاڭلىغۇچىلار ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن پىكىر بەرگۈچىلەرنى پىكىر بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

پىكىر بەرگۈچىلەر، قارشى تۇرغۇچىلار، ئىنكار قىلغۇچىلارنى، قانۇن لايىھىسى قانۇن بولۇپ ماقۇللىنىشتىن ئاۋۋال ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى پىكىر بېرىشكە چاقىرمىدى. ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ قانۇن تۈرغۈزۈشنىڭ ئاممىۋى ئاساسى كەم بولدى. پۇقرالارنىڭ قانۇن تۈزۈشكە ئاممىۋى ئىشتىراك قىلىش ھوقۇقى، ئاممىۋى نازارەت قىلىش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنمىدى. بىراق خىتاي دائىرلىرى قانۇن ۋە تۈزۈم دەۋرىدىن، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇش دەۋرىگە كېلىپ قالدىمۇ، قانداق؟

خىتاي جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تەلەپلىرىدىن پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائى، ئەخلاقى، سىياسى بېسىم، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينى «تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىشى» دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق غايىلىرىنىڭ شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆتكۈر سىياسى تەلەپكە ئايلىنىشى، خىتاي دائىرلىرىنى قانۇن تۈزمىسە، تۈزۈلگەن قانۇنلارنى ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ بۇرۇن تۈزۈلگەن قانۇنلارنى ئىجرا قىلمىسا، قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى، قانۇن ئالدىدا ئادەملەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى، قانۇنسىزلىق ۋە قانۇنلۇق بولۇشنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى پۇقرالارغا قايتۇرمىسا بولمايدىغان بىر دەۋرنىڭ ئاچا يولىغا كەلتۈرۈپ قويدى.

بۇ يىل 7 – ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن خىتاينىڭ قانۇن ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا، خىتاينىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى، خىتاي خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ قاچان تەستىقلاپ يولغا قويۇشى توغرىسىدا توختام تۈزۈلدى. توختامنىڭ مەزمۇنى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، قانۇن تۈزۈش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ قانۇن تۈزۈش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەن خىتاي دائىرلىرى قانۇن تۈزگەندە ياكى ئاساسى قانۇننى ئۆزگەرتىپ تۈزگەندە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە

سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى خىتايدا تۈزۈلگەن بارلىق قانۇنلارنىڭ قانۇن تۈزۈش ئاساسى قىلىپ بەلگىلەمدۇ، قانداق ؟

**ئوتتۇرا ئاسىيا**

2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ 2 – كۈنى

خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە دۇچ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا

1991 – يىلى 12 – ئايدا ئاسىيا – ياۋرۇپا قۇرۇقلۇقىدا روسىيە – سوۋېتلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا يەتتە دۆلەت ئارقىمۇ – ئارقا مۇستەقىللىق جاكارلاپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ تارىخى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن بولدى.

خىتاينىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەتراپىدا، ئەمەلىيەتتە مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئەتراپىدا كوممۇنىزىمنىڭ ۋە روسىيىلىك موزىكلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ يەتتە دۆلەتنىڭ تولۇق ئېيتقاندا 15 دۆلەتنىڭ ياكى ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيىتىنى تەمتىرىتىپ قويدى، ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇيغۇرىستانغا مىللى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

تەشۋىش، ئەندىشە ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى، 1992 – يىلى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى ئىدىئولوگىيە زوراۋانلىقىنى يولغا قويۇپ، مەرھۇم تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۈچ كىتابىنى تەنقىد قىلىش ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇردى.

قانداقتۇر پانتۈركىزىم، پان ئىسلامىزىم دەيدىغان دۇنيا سىياسەت تارىخىنىڭ كۆلاھۇ – جەندىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن كونا شۇئارلارنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپ، تەنقىد قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبىگە

ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا يەنە بىر قېتىم زەربە بېرىشكە تەييارلانغاندا، ئۇيغۇرىستان تۇپرىقىنى ۋەھىمە قاپلىدى. يەنە كىملەر قولغا ئېلىنار، يەنە كىملەر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنار، غۇلغۇلا – زىيالىيلار ئىچىدە ئاستىرتتىن غۇلغۇلا ۋە ئاشكارە غۇلغۇلا باشلانغان ئىدى.

ئەسلىدە ئۇيغۇرىستانغا مىللى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات زوراۋانلىقىنى يولغا قويغان بىر ۋاقىتتا، دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

خىتاينىڭ قولى بىلەن يېزىلغان «خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسى» ماۋزۇلۇق كىتابتا، «20 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى خەلقئارا سىياسى ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر سىستېمىسىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا تىنچلىق سۆيەر خىتاي خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقى، يېڭى ئاساسلارغا تايىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنداق كەلىمىلەر خىتاي تارىخىدىكى ساۋ ساۋ بىلەن لىيۇ باڭنىڭ سىياسى ھېلىگەرلىكىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى.

يەنە شۇ كىتابتا كۆرسىتىپ : «خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىناق، قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاسىيانىڭ مەركىزىدە تىنچلىق، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ۋە بۇ يولدا گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھالقىسى بولۇپ قالدى» دېيىلدى.

كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقى ئىبارىلەر خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئاسىياغا ھەربىي، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى بويىچە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ناھايىتى يۇمشاق خىتابنامىسى ئىدى.

1992 – يىلدىن باشلاپ 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 26 – كۈنىگىچە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرىستاندا زور كۆلەملىك باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلدى. 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 26 – كۈنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدە روسىيە، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە خىتاي ئۆزى قاتناشقان «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»نى تەشكىللەپ چىقتى. 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 26 – كۈنى يېرىم كېچىدە مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا 100 كۈنلۈك زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى» خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى» خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشىگە ۋە دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار يول خېتى يېزىپ بەردى .

قازاقىستاننىڭ پرېزىدېنتى نازاربايېۋ «قازاقىستاننىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى» ماۋزۇلۇق كىتابىدا: خىتاي بىلەن كەڭ كۆلەملىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز كېرەك، بەلكى، خىتاي ئارقىلىق شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىغا چىقىشىمىز كېرەك دەپ، كۆرسەتتى. نازار بايېۋ ئەپەندى كىچىك ئاسىيا – تۈركىيە ئارقىلىق پۈتۈن ياۋرۇپاغا يېتىپ بارالىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟! بۇ دۆلەت قازاقىستاننىڭ نېمىشقا خىتاي ئارقىلىق تىنچ ئوكيانغا چىقىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى؟

«خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسى» دېگەن كىتابىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسى قىممىتى ئىنتايىن مۇھىم. غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش بەلۋېغى بولۇپلا قالماستىن ئوتتا ئاسىيا، شىمال ۋە جەنۇبنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، كەلگۈسى خىتاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇقىملىقى ئۆزىدىن – ئۆزىگە مەلۇم دەپ، كۆرسىتىلدى.

كۆرۈپ يەتتۇقكى، ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىستراتېگىيىلىك قىممىتى، ماددى ئەشيالار قىممىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا شىمال – جەنۇب قاتنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى قىسقىسى كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا بولىدىغان رايون ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن.

ئېيتقىنا قەشقەر
2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ 3 – كۈنى
ئېيتقىنا قەشقەر...
ئەزىزانە قەشقەر، زامان – زامانلار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇيغۇرنىڭ توققۇزى تەل بولمىدى. ئۇيغۇرنىڭ بىر چاپىنى ئىككى بولمىدى، چولاق كەتمەن پۈتۈن بولمىدى، ئاز دېگەندەك ختاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتى تۆمۈر يولنى قەشقەر شەھىرىگە تارتىپ كەلدى. ھېيتگاھ، قەدىمى قەشقەر ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ يۇپيۇرۇلۇپ كۆچۈپ كىرىشىگە دۇچ كەلدى. ئېيتقىنا قەشقەر جانان كوچاڭدىن كىملەر، ئەمدى بۈگۈن كىملەر «باگا يالاجى» ناخشىسىنى توۋلاپ جانان كوچاڭدىن ئۆتمەكچى؟ سەندۇقلۇق، خۇنەنلىك ختايلار پويىزنىڭ ۋاگونلىرىغا قاچىلاندى، قەشقەر شەھىرىگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئۇيغۇرلارغا باياشاتلىق ئېلىپ كېلەمدۇ؟ شىمالى ئۇيغۇرىستاننىڭ كۆمۈركانلىرىدىن قېزىلىۋاتقان كۆمۈر ۋاگونلارغا قاچىلىنىپ قەشقەرگە كېلىپ تۆكۈلۈپ قەشقەر ئۆلكىسىنىڭ ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلامدۇ ياكى ۋاگونلارغا قاچىلىنىپ شاڭخەي شەھىرىگە توشۇلامدۇ؟ ئۇيغۇرىستاننىڭ كۆمۈرى، تۆمۈر رودىسى، خام نېفىتلىرى يەر ئاستى بايلىقى زادى قەيەرگە يۆتكىلىدۇ؟
لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئىقتىسادى تۆمۈر يول دەپ، ئاتالدى. قۇرۇلغاندىن باشلاپ قەشقەر ئۆلكىسىگە زادى قانچىلىك ئىقتىسادى مەنپەئەت يەتكۈزدى؟ قەشقەر ئۆلكىسىدىن ۋاگونلارغا قاچىلىنىپ چىقىپ كەتكەن بايلىق، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى پۇلغا ئايلىنىپ

قەشقەرگە قايتىپ كەلدىمۇ، يوق؟ ياكى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، باھاغا باھا قوشۇلغاندا قەشقەر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي سېتىۋېلىش كۈچى بەرداشلىق بېرەلىدىمۇ؟

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك شىمال ئۇيغۇرىستاننىڭ كۆمۈر مەھسۇلاتلىرى قەشقەرگە – جەنۇبى ئۇيغۇرىستانغا ئەمەس شاڭخەيگە توشۇپ كېتىلگەنلىكتىن قەشقەر ئۆلكىسى تەۋەسىدە ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولدى. لەنجۇ – قەشقەر تۆمۈر يولى ئىقتىساد، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان تۆمۈر يول ئەمەس بەلكى ھەربىي قىسىملارنى توشۇيدىغان ھەربىي تۆمۈر يول، خىتاي كۆچمەنلىرىنى قاچىلاپ كېلىپ قەشقەرگە تۆكىدىغان تۆمۈر يول، ئىقتىسادى جەھەتتە قەشقەر ئىكىلىكىسىگە ھەرقانداق ئىقتىسادى مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان، بەلكى قەشقەر ئۆلكىسىنى تالان – تاراج قىلىدىغان تۆمۈر يول بولۇپ قالدى.

ئىستراتېگىيىلىك ماددى ئەشيالار قەشقەر ئۆلكىسىدىن تۆمۈر يول ئارقىلىق توشۇلۇپ كېتەتتى. پاختا قەشقەر ئۆلكىسىدىن توشۇلۇپ كەتتى. قەشقەر ئۆلكىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 45.5% نى ئىگىلەيدۇ.

ئەمدى كان مەھسۇلاتلىرىغا قارايلۇق !

قەشقەر ئۆلكىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مول ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ. ھازىر بايقالغان كان مەھسۇلاتلىرى نېفىت، ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، خرۇستال، چىرىمتال (چىرىمتال ئەڭ قىممەتلىك كان مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ) قوغۇشۇن، سىنىك، كۈمۈش، سېمۇنت، ھاك جىنسى، قاشتېشى، ئاشتۇزى، بىرىللى، لىتىسى، نىئوبى، تانتال، رۇلۇمىت، ئېرىتكۈچى ھاك جىنسى، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، تاشپاختا، ئۇران

(يەنى ئاتوم بومبسى ياسايدىغان مەرەن) گېپس قاتارلىق مەدەنلەر قەشقەردىن پويىز ئارقىلىق ئىچكىرى خىتايغا توشۇلۇپ كەتتى.

قەشقەر ئۆلكىسى، قەشقەر خەلقى ياغاچ قوشۇق ياساپ بازارغا ئېلىپ كىرىپ سودا – تىجارەت قىلىدىغان قەشقەر خەلقى، بۆشۈك، جامبۇ – جاۋەن ياساپ سودا – تىجارەت قىلىدىغان قەشقەر خەلقى، چاي پەزلىك، گازىرچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان قەشقەر خەلقى، بايلىغىڭنى كىم ئېلىپ كەتتى؟! يەر ئاستى مەدەن بايلىقنى، نېفىت بايلىقنى، تەبئى گاز بايلىقنى ھەتتا، پىستە – بادامىلىرىڭنى ياڭاق، ئانارلىرىڭنى ۋاگۇنلارغا قاچىلاپ كىم قەيەرگە توشۇپ كەتتى؟ تەبئەت ساڭا پەقەت ساڭىلا ئاتا قىلغان بايلىقلار ئىدىغۇ، بۇ؟!

«ئېيتقىنا قەشقەر» يېڭىسار ناھىيسى، دېھقان، دېھقانچىلىق، يېزا – سەھرا تۇرمۇشى، ئوتتۇرا ئەسىر، 15 – ئەسىردە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش قۇرۇلمىسى قانداق بولسا، ھازىرمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرگىنى يوق! خىتاي ئۇيغۇرنى قانداق «ئازاد» قىلىپتۇ؟ خىتاي «شىنجاڭنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇپ» تۇ؟

قەشقەر خەلقى، 2001 – يىلى يېڭىسار ناھىيەئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 7.92 يۈەن بولدى. («شىنجاڭ يىلنامىسى خىتايچە نەشرى 2002 – يىللىق سانىغا قارالسۇن) بىر يىلدا 7.92 يۈەن؟! ئاستىڭغا سالىدىغان كۆرپە، ياپىدىغان يوتقىنىڭ بارمۇ، يېڭىسارلىق؟! بىر يىلدا 7.92 يۈەن ئۇچاڭغا كىيدىغان چاپىنىڭ بارمۇ، يېڭىسارلىق! بىر سەر گۆش قانچە پۇل، بىر سەر سۇ ماي  قانچە پۇل، بىر ھەپتىلىك ئاشتۇزى قانچە پۇل، يېرىم لېتىر كىرسىن قارا چىراققا... قانچە پۇل يېڭىسارلىق؟! 7.92 يۈەن بالاڭ گىردە دەپ، يىغلايدۇ، قىزىڭ ياغلىق دەپ، خەخش قىلىدۇ، ئايالىڭ ھېچنەرسە، ھېچنەرسە دېيەلمەيدۇ، ئۇ ھەممنى بىلىدۇ. بالىلىرىڭ ئوقۇيدىغان مەكتەپ بارمدى، دەپتەر – قەلەم پۇلغا كېلىدۇ، پۇلغا يېڭىسارلىق!!! بىر يىلدا 7.92 يۈەننىڭ قولۇڭغا نەخ تېگىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىمەن. قىزىڭ

هاملدار بولدى... كۈيئوغلۇڭ خىتاي كۆچمەنلىرىگە پىلانلىق تۇغۇت بويىچە توختام تۈزگەنلىكتىن، جەرىمانە تۆلىشى كېرەك. 7.92 يۈەن يېڭىسارلىق!!! مۇبادا ئەجەل يېتىپ ئۆلۈپ قالساڭ كېپەنلىك ئېلىشقا پۇل كېتىدۇ، يەرلىك كولاشقا پۇل كېتىدۇ، نەزىر – چىراققا پۇل كېتىدۇ، تۇغقانلىرىڭنىڭ قارىسىنى ئۈشتۈشقا پۇل كېتىدۇ، پۇل هاياتلىقنىڭ كاپالىتى، پۇل هايات كەچۈرۈشنىڭ ۋاستىسى. هازىرقى دۇنيادا پۇل بارلىق! پۇلنىڭ مەنىسى ئەركىنلىك، پۇلنىڭ مەنىسى دېموكراتىيە، پۇلنىڭ مەنىسى كىشىلىك هوقۇق؛ خىتاي كۆچمەنلىرى بۇ پۇلنى شاڭخەيدە پويىزغا قاچىلاپ، قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ ساڭا تارقىتىپ بەرمەيدۇ، بەلكى سېنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ قان تەر بەدىلىگە ئۇيغۇرىستاندا ياشايدۇ... بىر ئۇيغۇر دېهقاننىڭ يىللىق كىرىمى بادى – يوق 7.92 يۈەن! يۈز دوللارغىمۇ يەتمەيدۇ..
خىتاي ئەمەلدارلىرى ئوۋمىندا قىمار ئوينايدۇ.
بىر مەيدان قىمار 12 مىليون، پارىخور خىتاي ئەمەلدارلىرى بىر يولى 12 مىليون يۈەننى ئۇتتۇرۇۋەتتى. دەتتىكامغا خەجلىۋەتتى... بىر يىلدا 7.92 يۈەن يېڭىسارلىق! دۇنيادا كىشىلەر توۋلاپ يۈرگەن مەۋجۇتلۇق هوقۇقى، ياشاش هوقۇقى، تەرەققىيات هوقۇقى دېگەن ئۇقۇملارنى چۈشەنگىنىڭ بارمۇ، يېڭىسارلىق!!!
ئۆلۈم يېڭىسارلىق! سەن ئۈچۈن «هېچبىر تاۋاق بىلەن قوشۇقنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىر، ئۆلۈمنىڭ ئارىلىقى ساڭا بىر غېرىچ!». پويىز قەشقەردە گۈدۈك چالدى... ساڭا ئاچارچىلىق، ۋاقىتسىز ئەجەل يېقىنلاپ كەلمەكتە. پويىز قەشقەردە گۈدۈك چالدى، ۋەهىمە، قورقۇنچلۇق بەلكى ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ۋەهىمە! ئۈمىدىڭ بارمۇ، يوقمۇ بىلمەيمەن. ۋەهىمە بىلەن ئۈمىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېتىقاد بولىدۇ، دېگەن ئىدى پەيغەمبەر جەينىمازغا ئولتۇر، يېڭىسارلىق!!!

**قسقچە مۇلاھىزە**

2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە 1985 – يىلى گورباچىۋ «يېڭى تەپەككۇر» ماۋزۇلۇق كىتابىنى نەشر قىلىپ، قايتا قۇرۇش سىياسىتىنى پۈتۈن روسىيە زېمىنىدا يولغا قويغاندىن كېيىن 1991 – يىلى بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن ئېيتقاندا سوۋېتلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلدى، ئەجابى سۆز – ئىبارىلەر بىلەن پىكىر قىلغاندا سابىق سوۋېتلەرنىڭ قايتا قۇرۇش سىياسىتى غەلىبە قىلدى. سابىق سوۋېتلەر تىنىچ يول بىلەن مۇستەقىل بىر قانچە دۆلەتكە پارچىلاندى. خەلقئارا تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى، مەتبۇئات، ئاخبارات ساھەسىنى كونترول قىلىپ، سابىق سوۋېتلەردە، قايتا قۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلغان خەۋەرلىرنى، خىتاي پۇقرالىرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى چەكلىدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئىسلاھاتنى ئىقتىساد ساھەسىدىلا قانات يايدۇرۇپ، سىياسى تۈزۈلمە ساھەسىدە ھەرقانداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىدى ياكى ئۆزگىرىش قىلالمىدى. ھەتتا سوۋېتلەردە ئىسلاھات ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان گورباچىۋنى «رادىكال ئىسلاھاتچى»، «مەغلۇپ بولدى»، «گورباچىۋنىڭ قايتا قۇرۇشى مەغلۇپ بولدى» دەپ ئەيىپلىگەن بولدى.

ئەمدى جۇڭگو قانداق ۋەزىيە ئىچىگە كىرىپ قالدى؟

جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى ئىچكى تالاش – تارتىش قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىنى 17 يىل كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر 2001 – يىلى 12 – ئايدا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ھازىرغىچە تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئامېرىكىنىڭ 400 دىن ئارتۇق چوڭ سودا شىركەتلىرنىڭ 300 دىن ئارتۇقى خىتاينىڭ بازىرىغا كىرىپ بولدى.

ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق يەنە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قانچىلىغان شىركەتلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى بازىرىغا كىرىپ بولدى؟ قىسقىسى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىقتىسادىنىڭ 75% چەت ئەل مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. ئىقتىساد ئۆتۈپ بولغان ئىكەن، ختاي مۇستەملىكچىلىرى، كوممۇنىست ختايلار جۇڭگودا قانچە ۋاقىت ھوقۇق تۇتۇپ تۇرالايدۇ؟ يېقىندا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رومىس فىلت ئەركىن سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەركىن جەمئىيەت، دېموكراتىيىلەشكەن جەمئىيەت كېرەك دەپ، دەل جايىدا كۆرسەتتى.

يېقىندا ختاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق. ئەمدى ختاينىڭ تاشقى ۋەزىيىتىگە كېلەيلۇق. 10 – ئاينىڭ 29 – كۈنى ۋاشىنگتۇندا ئامېرىكا، ياپونىيە دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى دەرىجىلىك بىر يىغىن بولۇپ ئۆتتى. يىغىندا ئامېرىكا، ياپونىيە ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ كەلگۈسى سىياسى مەنزىرىسى ۋە تەيۋەن بوغىزىنىڭ كەلگۈسى بىخەتەرلىك ۋەزىيىتى، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ بولدى، دېيىشكە بولىدۇ.

**خاتىرىلەش**

2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

خۇياۋباڭنى خاتىرىلەش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ختاي مۇستەملىكچىلەر ھۆكۈمىتى سابىق سېكرىتار خۇ ياۋ باڭنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق قىلدى. پرېزىدېنت بوش بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھارپىسىدا، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ خۇياۋ باڭنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ئامېرىكىغا ياخشىچاق بولۇشنىڭ بىر قەدىمى ھېسابلانسا، ختاي

ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا، قانۇن تۈزۈش ۋە يۈرگۈزۈشنى قانۇن تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلىشىغا يول قويۇش، سىياسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ خۇ ياۋباڭنى خاتىرىلەش ئارقىلىق خىتاينى دېموكراتىيىگە يۈزلەندۈرۈشنىڭ بىر قەدىمى بولۇپ قالامدۇ، ياكى رەھبەرلىكنىڭ ئىككىنچى قەدىمى بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟
1978 – يىلى «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى» توغرىسىدا باشلانغان مۇنازىرە خىتاي جەمئىيىتىدە دېموكراتىك كەيپىيات پەيدا قىلغاندا، كىشىلەر نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي قايمۇقۇپ يۈرۈشكەن «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى» مۇنازىرىسى ئارقىلىق خىتاي جەمئىيىتىدە دېموكراتىك كەيپىيات پەيدا قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تەييارلىق قىلغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟
شۇ يىللاردا ئۆۋال قىلىنغان ئادەملەر، ناھەق تۈرمىلەرگە قامالغان ئادەملەر 1977 – يىللاردىن باشلاپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئاتالمىش ئەسلى قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن .
1979 – يىلى 1 – ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى،ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، تەيۋەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلىدى.
كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئويغا سالىدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇ بولدىكى، شۇ ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، 1980 – يىلى تىبەت توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق سىياسەت، شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق سىياسەت بەلگىلەپ ئوخشاشلا ۋاقىتتا تىبەتتىن، شىنجاڭ يەنى ئۇيغۇرىستاندىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلغان، ھۆججەت ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا يېتىپ كەلگەندە، خىتاينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى

چاقرىپ، چېكىنىشنىڭ ئىجابى سەۋەبلىرىنى، تەرتىپلىرىنى، قاچان چېكىنىشنى، چېكىنىشتىن ئاۋۋال شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىشقان، خۇ ياۋباڭ ئاقىلانىلىق قىلىغانمىدى؟ خىتاي دېموكراتىك جەمئىيەتكە ئۆتۈشتىن ئاۋۋال تىبەت، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەل قىلىنىۋېتىشنى ئويلىغانمىدى؟ سىياسەت ساھەسىدە مۇنداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى نېمە ئىدى؟ بولۇپمۇ ئۇيغۇرىستاندىن، تىبەتتىن چېكىنىپ چىقىشنى بەلكى ئوخشاشلا ۋاقىتتا چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلىشنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە ئىدى؟ ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا تىبەت مەسىلىسى، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى بىر مەسىلە بولۇپ قالغانمىدى؟ ھېچكىم، ھېچنەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما، كىشىلەر پەرەز قىلىشقا، قىياس قىلىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق .

پرېزىدېنت بۇش 9 – كۈنى دالاي لامانى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى دەرىجىدە قوبۇل قىلدى، ئاسىيا سەپىرىدە خىتاي، تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسىدىن ئۆگىنىشى كېرەك، دېدى. لىدىڭخۇي ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە كىرىپ بىمالال نۇتۇق سۆزلىدى. 7 – ئاينىڭ 10 – كۈنى دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىم خىتاي رەھبەرلىرى تەيۋەن دۆلەت باشلىقى  چېن شۈي بيەن ۋە تىبەتنىڭ داھىسى دالاي لاما بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرۇشى كېرەك دەپ، كۆرسەتكەن. سىياسى ۋەقەلەر بىر سىستېمىدا ھەرىكەتكە كەلگەندەك تەسىر بېرىدۇ، كىشىلەرگە 11 – ئاينىڭ 14 – كۈنى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي، ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرى تەتقىقاتى يىغىنىدا، خىتاي تەتقىقاتچىلار تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دېگەندە، ئامېرىكىلىق سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار: تەيۋەن مەسىلىسى ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭمۇ ئىچكى ئىشى دەپ، كۆرسەتتى... تەيۋەن مەسىلىسگە مۇناسىۋەتلىك كەسكىن مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى. دەل شۇنداق پەيتلەردە، خەلقئارا سىياسى مۇھىت ئىچىدە، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئۆزگىرىش

بولۇۋاتقان پەيتلەردە ختاي هۆكۈمىتىنىڭ خۇياۋ باڭنى خاتىرلەشنى قارار قىلىشى ئەلۋەتتە ياخشى بىراق، خۇ ياۋباڭنى خاتىرلەش پائالىيىتى بىر خىل رەسمىيەتچىلىكلا بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ختاينىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى يالغۇز – يېگانە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بىلەنلا بەلگىلەنمەيدۇ. مەنىۋىيەت، ئىجادى ئىقتىرا كۈچىنىڭ تەرەققىياتى، ئەركىن جەمئىيەت كەيپىياتى ئەركىن بازار، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقى مەنىلىك تەرەققىياتتا بىر – بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئامىللاردۇر. خەلقئارا بېسىم جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ۋەزىيەت پىشىپ يېتىلگەندەك تۇرامدۇ، قانداق؟ خۇياۋباڭنى خاتىرلەش يۇقىرىقى ۋەزىيەتكە ماسلاشقانلىقمۇ، قانداق؟ خۇياۋباڭنى خاتىرلەش ئەگەر توسقۇنلۇق پەيدا قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا جۇڭگودا دېموكراتىك ئۆزگىرىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟

**باھا**

2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ 19 – كۈنى
پرېزىدېنت بوشنىڭ بېيجىڭ سەپىرىگە باھا .

پرېزىدېنت بوش 19 – كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئاسىيادا باشقا دۆلەتلەرگە قاراتقان سەپىرىدە 78 قېتىم جۇڭگونى دېموكراتىيىلەشتۇرۇش توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتتى. ختاي كوممۇنىستلىرى تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسىنى ئۆگىنىش كېرەك دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك گېزىتلەر، پرېزىدېنت بوش بېيجىڭدە ختاي رەھبەرلىرى بىلەن جىددى سىياسى سۆھبەت ئۆتكۈزدى دەپ، خەۋەر قىلدى.
جىددى ئۆتكۈزۈلگەن سىياسى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئاشكارە بولمىغاندىن كېيىن گېزىتلەرمۇ بۇ توغرىدا زۇۋان سۈرەلمىدى.

11 – ئاينىڭ 13 – كۈنى دالاي لاما ۋاشىنگتوندا 16 مىڭ كىشىلىك دوكلات بېرىش يىغىنى تەشكىللىگەن. بۇ يىغىن داغدۇغۇلۇق ۋە ئۇنۇملۇك بولغان ئىدى. مۇڭغۇللارنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تارتىۋاتقان ئازابلىرىنىمۇ دالاي لاما بىر – بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتى.

مۇخبىرلار، خىتاي تىبەتكە قاچان تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دەپ، سوئال قويغاندا، 1949 – يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىنقىلاب ئىستراتېگىيىسى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تىبەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان ئىدى دەپ، كۆرسەتتى، دالاي لاما .

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ، خەلقئارا كوممۇنىزىم ھەرىكىتىنىڭ ۋە ستالىننىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى ھىلە – نەيرەڭلىرىنىڭ تىبەتكە ئوخشاشلا خىتاي كوممۇنىستلار ئارمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغانلىقىنى تارىخ تېخى ئۇنتۇۋۇپ قالمىغان بولسا كېرەك. ھازىرغىچە دالاي لاما، خەلقئارا كوممۇنىزىم ھەرىكىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەخسەتلىرىنى تۈزۈپ چىققان ستالىن ئېقىمدىكىلەرنىڭ خىتاي قىزىل ئارمىيىسىنى تىبەتكە باشلاپ كىرگەنلىكىنى ئېغىزغا ئېلىپ باقمىغان ئىدى. تىبەت، تىبەت خەلقىگە مەنسۇپ، تىبەتنىڭ سىياسى ئىستىقبالىنى تىبەت خەلقى بەلگىلەيدۇ، دېگەن سىياسى ئىبارىنىمۇ دالاي لامانىڭ ۋەزىنلىك تەلەپپۇزى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

قىزىقى شۇ يەردىكى دالاي لاما 13 – كۈنى 16 مىڭ كىشىلىك يىغىن تەشكىللىگەندىن كېيىن، 14 – كۈنى بېيجىڭدە «خىتاي – ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرى تەتقىقاتى يىغىنى» بولۇپ ئۆتتى. گېزىتلەر بۇ يىغىنغا «تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى كەسكىن ئېلىشقان يىغىن بولدى» دەپ باھا بېرىشتى.

**خۇياۋ باڭنى خاتىرىلەش**

2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

خۇياۋ باڭنىڭ سىياسى پاجىئەسى ۋە خۇياۋ باڭنى خاتىرىلەشنىڭ سىياسى ئارقا كۆرۈنۈشى

ئامېرىكىلىق پروفېسسور ياڭ لى يۈ، رەئىس خۇجىنتاۋنىڭ خۇياۋ باڭنى خاتىرىلەش پائالىيتى ئۇيۇشتۇرغانلىقنى، ۋاپاغا، ۋاپا قىلىش دەپ، چۈشەندۈرىدىغان بولساق، خۇ جىنتاۋغا ئادىل باھا بەرمىگەن بولىمىز. خۇياۋ باڭنى خاتىرىلەشكە مۇناسىۋەتلىك خۇ جىنتاۋ ئەپەندىنىڭ باشقا بىر غەرىزى بار دەپ، كۆرسەتتى.

خۇياۋباڭ 1978 – يىلى خىتاي كوممۇنىستلار پارتىيىسى 11 – نۆۋەتلىك 3 – ئومۇمى يىغىن چاقىرغاندىن كېيىن، ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىمكى، خىتاينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان خىتاي جەمئىيتىنى پۇقرالار جەمئىيتىگە ئايلاندۇرۇش يولىدا كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن سېكرىتار ئىدى. «يازغۇچىلار ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن خۇ ياۋباڭ ئىش بېشىدا تۇرغان يىللاردا، مەتبۇئات، نەشرىياتچىلىق ساھەلىرى پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ بىر ئاز قويۇۋېتىلگەن. ئۇۋال قىلىنغان، ناھەق قولغا ئېلىنغان كىشىلەر تۈرمىلەردىن قويۇۋېتىلگەن. خىتاي جەمئىيتىدە، ئەدەبىيات – سەنئەت ساھەسىدە دوكلاد ئەدەبىياتى جانلىنىپ، ئەدەبي ئىجادىيەتتە ئورداكەشلىك، گۇپپاڭچىلىق، مەدھىيەۋازلىق ئاخىرلىشىپ خىتاينىڭ ئەدەبي ئىجادىيەت ئىشلىرى جانلىنىپ «پاش قىلىش ئەدەبىيات ئېقىمى» بارلىققا كەلگەن ئىدى. مۇبادا خىتاي جەمئىيتى شۇنداق جانلىنىشى مەسلەن، جامائەت پىكرى ساھەسىدە جانلىنىشنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولسا، شۇ چاغدا خىتاي جەمئىيتى ئىچكى جانلىنىش ئارقىلىق ئويغىنىشنىڭ يېڭى دەۋرىگە كىرمىگەن بولسا 1989 – يىلى

تيەنئەنمىن مەيدانىدا دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ يۈز بېرىشىنى تەساۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.
قايتا يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشقا رۇخسەت قىلغايلار! مەيلى ھازىر بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، خىتايدا ئاز – تولا دېموكراتىك جانلىنىش ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلا بولسا مەسىلىنىڭ سىياسى خاھىشى ئاۋۋال مىللى مەسىلىگە بېرىپ چېتىلىدۇ.
خۇددى شۇنداق خۇياۋباڭنىڭ ئاقىلانە سىياسەتنى يولغا قويۇشى دېگۈدەك ئاۋۋال ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە تىبەت مەسىلىسى بىلەن باشلانغان ئىدى.
مۇبادا خىتاي كوممۇنىستلىرنىڭ سابىق سېكرىتارى خۇياۋباڭ تىبەت توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق سىياسەت، شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق سىياسەت بەلگىلەپ ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا تىبەتتىن، ئۇيغۇرىستاندىن خىتاي كوممۇنىستلىرنىڭ مۇستەملىككە ئاپپاراتىنى چېكىندۈرۈشنى قارار قىلمىغان بولسا بەلكى يەر ئاستى تەرەتخانىغا مەجبۇرى چۈشمىگەن، يۈرەك ئاغرىقى قوزغۇلۇپ تەرەتخانىدا ئۆلۈپ قالمىغان بولاتتى. خۇياۋباڭنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى، ھوقۇقنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىنىشى، سولچى دەپ ئاتالغان خىتاي مىللەتچىلىرنىڭ خىتاينىڭ سىياسى ئەنئەنىسى بويىچە بىر مەيدان ئۇردا سىياسى ئۆزگىرىشى قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. «خۇياۋباڭ خاتالاشتى»، «تارىخى خاتالىق ئۆتكۈزدى»، «بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىكىنى يامرىتىۋەتتى» دېگەندەك، ئەڭ مۇھىمى خىتاينىڭ مىللەتچى كوممۇنىستلىرى خۇياۋباڭنىڭ تىبەتتىن، ئۇيغۇرىستاندىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلىشنى قوبۇل قىلالمىغان ئىدى.
يېقىندا دالاي لامانىڭ: «خۇياۋباڭ دەۋرىدىلا تىبەت مەسىلىسى ھەل بولۇپ كېتەتتى، دەپ كۆرسەتكەنلىكى، خىتاي تارىخىنىڭ دەل يۇقىرىقى تارىخى – سىياسى دەۋرنى كۆزدە تۇتقان يالغۇز يۇقىرىقىلارلا ئەمەس رەئىس خۇجىنتاۋنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدە پاسسىپ ھالەتتىن ئاكتىپ

تەشەببۇسكارلىققا ئۆتكەنلىكى كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان يېڭىلىق بولۇپ قالدى. لىيەنجەن، سوڭ قاتارلىق گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئۈچ نەپەر ۋەكىلىنى تەيۋەندىن چوڭ قۇرۇقلۇقنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، تەيۋەندە ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيىنىڭ داھىلىرىنى جۇڭنەنخەيدە ئۆزى شەخسەن قوبۇل قىلدى. ھەتتا، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى ھەرىكىتىنىڭ جەڭچىسى رابىيە قادىرنى ئۈرۈمچى باجاخۇ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ تەلەپ مەخسەتلىرىگە ياندىشتى. رەئىس خۇجىنتاۋ ۋە بېيجىڭ دائىرلىرى شىياڭگاڭ دېموكراتلىرىغا قاراتقان سىياسى پوزىتسىيىسىنى قاتماللىقتىن جانلىقلىققا ئۆزگەرتتى .

خۇ جىنتاۋ بۇ يىل 9 – ئاينىڭ باشلىرىدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن 22 – نۆۋەتلىك دۇنيا قانۇن تەتقىقاتى يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ: دېموكراتىيە شەكىللىرىنى بېيىتىش، دېموكراتىك تۈزۈمنى ساغلاملاشتۇرۇش (قايسى دېموكراتىك تۈزۈمنى)، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك ئۇسۇلدا سىياسەت بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتتى. راست بولسۇن، يالغان بولسۇن خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خۇجىنتاۋ 10 – ئاينىڭ 19 – كۈنى «جۇڭگونىڭ دېموكراتىك سىياسى قۇرۇلۇشى» ماۋزۇلۇق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى.

چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ۋە خىتاي جەمئىيىتى خىتايلىرىنىڭ خۇ جىنتاۋدىن كۈتكەن ئۈمىدى زور بولدى. «دېموكراتىيە»، «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە» دېگەن سۆزلەرنى ماۋ زېدۇڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىن تاكى ھازىرغىچە تەكرارلاپ كەلگەن خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ سەممىيىتى، جۈرئىتى زادى قانچىلىك؟ ئىچكى – تاشقى ۋەزىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدىن قارىغاندا، ئەگەر ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغان بولسا، دەۋر خۇ جىنتاۋ ئەپەندىنى تاللىۋالدىمۇ

ياكى خۇ جىنتاۋ ئەپەندى دەۋرنى تاللىۋالدىمۇ ياكى يەنە بىر قېتىملىق خىتايچە رەڭۋازلىقمۇ؟

**جۇڭگو ياپونيە مۇناسىۋەتلىرى**

2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنىدا، رەئىس خۇجىنتاۋ ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى كۈزۈمى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. خىتاي – ياپونيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان كۈندىن باشلاپ تاكى بۈگۈنگىچە ياپونيە ھەر يىلى جۇڭگوغا 18 مىليارد ياپونىيىنى ئۆسۈمسىز ياردەم بېرىش تەرتىپىنى ساقلاپ كەلگەن. خىتاينىڭ ھەرقانداق بىر رەھبىرى ھازىرغىچە ياپونىيىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆسۈمسىز ياردەم بېرىشىنى رەت قىلماي مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ كەلدىغۇ؟ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە سەھىيە سىستېمىسىنى ئېلېكتىرونلۇق تىببى ئۈسكۈنىلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىگەن دۆلەت ياپونيە ئىدىغۇ؟ خىتاينىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى ھازىرغىچە ياپونيە تەرەپنىڭ خىتاي جۇمھۇرىيىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخى ئەسلىمىلەرنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئىراق، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ئەينى چاغدا ياپونيە ئارمىيىسىنىڭ فىرلىغارىبېرغا ھۇجۇم قىلغانلىقنى ياپونيە تەرەپنىڭ ئېتىراپ قىلىشنى بىر قېتىممۇ تەلەپ قىلمىدى.

ئۇرۇش دېگەن بەربىر ئۇرۇش. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئالاھىدە ھادىسىدۇر. «دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەردە مۇتلەق دۈشمەنلىكمۇ بولمايدۇ، مۇتلەق دوستلۇقمۇ بولمايدۇ» دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتە پەقەت پايدا – زىيان توقۇنۇشىلا بولىدۇ، خالاس .

تارىختا، تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى قانداق پارتلىدى؟ ياپونىيىنىڭ مانجۇرىيىگە زېمىن تەلىپى بار ئىدى؛ ياپونىيىنىڭ غەرب مۇستەملىكچىلىرىنى

ئاسيادىن قوغلاپ چىقىرىش غايىلىرى ئۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى. شەرقىي ئاسيانىڭ كېسەل كۆرپىسى خىتاينى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش، خىتايغا مەدەنىيەت ئۆگىتىش ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ سىياسىي مەخستى ئىدى. شۇڭا ياپونىيلىكلەر شەرقىي – جەنۇبىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى»نى كۆزلۈتۈپ چىقتى. خىتاي گومىنداڭى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى ياپونىيىنىڭ ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان سىياسىتىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ تەرىپلىدى. 1960 – 1970 – يىللىرى خىتايچە مۇستەبىتىزىمنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈپ ماۋ زېدۇڭ «ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلايلى» دەپ، شۇئار توۋلىغان. ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئوردا سىياسى ئۆزگىرىشى ئارقىلىق كارىۋاتقا بەنت قىلىنغان ماۋ زېدۇڭ ھەتتا، ئاخىرى ئۆزىنىمۇ ئازاد قىلالمىدى. تىراگېدىيىلىك ھەسرەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. دېڭ شياۋپىڭنى يوقتايلى، دېگەن شۇئار بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى باشلىغان ماۋ زېدۇڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەختكە چىقىشقا شارائىت يارىتىپ بەرگەن ماۋ زېدۇڭ ئىدى. «ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش» ئۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى. «شەرقىي – جەنۇبىي ئاسيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى» تىنچلىق، ئاسايىشلىق، تەرەققىيات، ئۆزئارا ياردەم ئىچىدە گۈللىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. ياپونىيە ئۇرۇشخۇمار دۆلەت بولدىمۇ ياكى خىتاي ئۇرۇشخۇمار دۆلەت بولۇپ قالدىمۇ؟ ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ فىرىلغارىيېرغا ھۇجۇم قىلىشى بىردىنبىر خاتارلىق بولۇپ، بۇ ئۇرۇش بەلكى ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان ئىدى.

بۈگۈنىمىزگە قايتىپ كەلسەك، قاتمۇ – قات قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي – جەنۇبىي ئاسىيادا دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت بولۇشىنىڭ، ياپونىيىگە خىرىس پەيدا قىلىپ ئاسىيادا دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت بولۇشنىڭ چۈشىنى كۆرمەسلىكى لازىم. تەيۋەنگە

ھۆجۇم قىلىپ يەتتە كۈندە تەيۋەننى ئىشغال قىلىمەن، دەپمۇ جۆيلىمەسلىك لازىم .
«جۇڭگو – ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كۈرەشكە ئايلاندى دەپ، ماۋزۇ قويغان ماقالىدا «دۇنيا گېزىتى» ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ سىجىللىقى كۆچەيگەنسېرى ياپونىيە – خىتاي دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇرۇشقا ئايلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ دەپ، سوئال قويۇپ ياق، دېدى. بۇ گېزىت، ئۇرۇش قىلغاندا قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ياپونىيە ئوبدان بىلىدۇ، شۇنداقلا خىتاي رەھبەرلىرىمۇ ياپونىيىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىشنىڭ جۇڭگو ئۇچۇن ئىيتقاندا ئاقسىۋېتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ دەپ، كۆرسەتتى.

**خىتاي ئىككى تۈرلۈك قانۇنغا قول قويدى**

2005 – يىلى 12 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

1998 – يىلى 1997 – يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىككى تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا تۈزۈلگەن قانۇنلىرىغا قول قويغان ئىدى.
ھەر يىلى 12 – ئاينىڭ 10 – كۈنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۈنىنى خاتىرىلەش ھەرقايسى ئەللەردە ھەرخىل يول بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ يىل ھەم شۇنداق ئېلىپ بېرىلدى. جاھان مەتبۇئاتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇ كۈننىڭقاندىق كۈن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدى. كىشىلىك ھوقۇقنى ئۇيغۇرىستاندا، تىبەتتە دەپسەندە قىلىپ كېلىۋاتقان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى مەتبۇئات يۈزىدە بولسىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلالمىدى.
1948 – يىلى 12 – ئاينىڭ 10 – كۈنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىنغان ئەللەردە خەلق كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش جەھەتتە ھارماي

– تالماي، چېكىنمەي تۇرلۇك ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ كۇرەش قىلىپ ئۆزلىرىگە تەبىئەت ئاتا قىلغان لېكىن مۇستەبىت ھۆكۇمەتلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان تەبىئى كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۇردى.
نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشكەن، كىشلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىش كۇرەشلىرى تازا ئەۋجىگە كۆتۇرۇلگەن، بولۇپمۇ 60 – يىللاردا ئافرىكا قىتئەسىدە قىسقا مۇددەت ئىچىدە 50 دۆلەت مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا مىقياسىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق ئۇچۇن كۇرەش قىلىشنىڭ ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنىڭ ماددا – پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىندا 1966 – يىلى 12 – ئاينىڭ 16 – كۇنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىككى تۇرلۇك قانۇننى «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى» ۋە «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللىدى.
ھەر پارچە قانۇننىڭ 1 – ماددىسىدا: بارلىق خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە، دېيىلدى. لوگىكىلىق ھۆكۇم بىلەن ئاياغلاشقان 1 – ماددا، جۇملە شەكلىدە چېكىت بىلەن ئاياغلاشقان بولدى.
1979 – يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ قاتناشقان جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتىغىمۇ ئەزا بولۇپ كىرگەن تۇرۇقلۇق تاكى 1997 – يىلى 3 – ئايغىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىتاپنامە، نىزامنامە، قانۇنلىرىغا قول قويۇشنى رەت قىلىپ كەلدى. خەلقئارا بېسىمغا، بولۇپمۇ ئامېرىكا خەلقىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى شۇ ۋاقتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چىن خۇا سۇنگە بۇيرۇق چۇشۇرۇپ 1997 –

يىلى ۋە 1998 – يىلى جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى يۇقىرىقى ئىككى قانۇنغا ئىمزا قويغان .
خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھازىرغىچە «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى مۇھاكىمە قىلىپ تەستىقلاشنى رەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنلىرى بىلەن قارشىلىشىپ، تامام تەتۈر يول تۇتۇپ، 2005 – يىلى 2 – ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ «مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى قايتا شەرھىلىدى ۋە قانۇن تۈزۈش تەرتىپلىرىگە خىلاپ ھالدا بۇ قانۇنىنى تولۇقلىغاندەك بولدى. قانۇنىنىڭ 1 – ماددىسىدا: «خىتاي جۇمھۇرىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت دېيىلدى. ئۆزگەرتىلگەن، ياساپ چىقىلغان خىتاي تارىخىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزەشكە تارىخى ئاساس قىلماقچى، «كۆپ مىللەتلىك دۆلەت» دېگەن سىياسى ئىبارىنى ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزەشتە يېتەكچى ئىدىيە قىلماقچى بولدى ياكى شۇنداق قىلدى. خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈپ تارقاتقان ئاتالمىش ئاپتونومىيە قانۇنىنى، ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، بۇ قانۇنى تۈزۈشكە ئۇيغۇرنىڭ قانۇنشۇناسلىرى قاتناشتۇرۇلمىدى. ئومۇمي خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قانۇن ماقۇللاش ياكى رەت قىلىش تەرتىپى ھەم ئۇيغۇر ئارىسىدا پىكىر ئېلىشنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلمىغان .
بۈگۈن «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ۋە «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا قول قويغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، قانداقتۇر ئاتالمىش ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ توغرىلىقى، خىتاينىڭ دۆلەت قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، تارىخى تەرەققىياتنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، سىياسەت ۋە دۇنيا ئىقتىسادى بىرگەۋدىلەشكەن دۇنياۋى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ

يۇقىرى ئىككى تۈرلۈك قانۇن ئاساسىدا، ئاتالمىش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇننى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر ۋە تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى شەرت. بۇنىڭدىن باش تارتىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ۋاقتىنى كەينىگە سۆرەپ پائالىيەت ماكانىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئىككى تۈرلۈك قانۇنغا قول قويۇلغان ئىكەن، بۇ قانۇنلارنى ئىجرا قىلماقتىن باشقا يول يوق!

**باياناتچىنىڭ باياناتىغا باھا**

2005 – يىلى 12 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

ختاي خەلق جۇمھۇرىيتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى چىن گاڭ 15 – دىكابىر بايانات ئېلان قىلىپ: رابىيە قادىرنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي ھۆكۈمتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك گۇۋالىقتىن ئۆتكەنلىكىگە دائىر ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىقىنى بايانات قىلدى .
مۇخبىرلار: رابىيە قادىر ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ھۇۋاھلىق ئېلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، ختاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمتى بىرنەچچە مىڭ ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلارنى قولغا ئالدى. بۇلارنى تۈرمىدە خورلىدى، قىينىدى، دېدى. بۇ ئىشقا جۇڭگو ھۆكۈمتى قانداق جاۋاب بېرىدۇ، دەپ سوئال قويغاندا، باياناتچى چىن گاڭ: نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى. خەلق خاتىرجەم دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، رابىيە قادىر قانداق ئادەم ھەممىمىزگە بەلگىلىك . جۇڭگودا جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچى ئىدى. ئىنسانپەرۋەرلىككە ئاساسلىنىپ بىز ئۇنى ئامېرىكىدا داۋالىنىشقا قويۇپ بەرگەن دەپ، كۆرسەتتى .

باياناتچى چىن گاڭ: شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تەرەققى قىلدى، دېدى. كىمنىڭ ئىقتىسادى تەرەققى قىلدى؟ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققى قىلدىمۇ ياكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققى قىلدىمۇ؟ قۇرۇق سۆزلەپ باز – بازچىلىققا كىنۇپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىلىرى، خىتاي كۆچمەنلىرى بىلەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىيات پەرقىنى ھازىرغىچە ھەقىقى يوسۇندا مۇخبىرلارغا سۆزلەپ بېرىشنى راۋا كۆرمىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى دېگەن سۆزگە كەلسەك، باياناتچى چىن گاڭ، ھۆكۈمران مىللەت خىتاي كۆچمەنلىرى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا نۆۋەتتە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان، پەقەت ھەل قىلغۇچ دەۋرلەر يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ھەل قىلغىلى بولىدىغان كەسكىن مىللى زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى.
باياناتچى چىن گاڭ: رابىيە قادىر قانداق ئادەم ھەممىمىزگە بەلگىلىك دەپ كۆرسەتتى .
رابىيە قادىر قانداق ئادەم؟ ئۇيغۇرنىڭ يېڭى زامان تارىخىدىن خەۋىرى بارلىقى ھەرقانداق كىشى ئىنكار قىلمايدىكى 1933 – يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە تۇنجى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان سابىت داموللام شۇ دەۋردە باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سىياسى سەھنىگە چىققان. 30 – 40 – يىللاردا زەربە يېگەن، مىللى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم ئۇچۇغدالغان مىللەتارىست شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بۇلاڭ – تالاڭ قىلىنىپ يالىڭاچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇلغان ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىسى شۇ يىللاردا يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈرگەن.
ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىسى دەسلىپىدە يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزىمدىن، سودا – سانائەت كاپىتالىزىمغا، سودا – سانائەت كاپىتالىزىمدىن، سانائەت كاپىتالىزىمغا تەرەققى قىلغان مىللى بۇرژۇئازىيە بولۇپ قالغان ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىسى سىنىپ – تەبەقە بولۇپ يېتىشكەن كۈندىن

باشلاپلا مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ بازار ئېھتىياجى ۋە تەلەپلىرى سىياسەت ساھەسىدە ھوقۇق ئېھتىياجلىرى ۋە تەلەپلىرى بولۇپ ئىپادىلەنگەن . شۇڭا 30 – 40 – يىللاردا ئىنقىلاب، مىللى دېموكراتىك ئىنقىلاب، مىللى جۇمھۇرىيەتچىلىك ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاساسلىق سىياسى نىشانى بولۇپ قالغانتى .

ھۆرمەتلىك چىن گاڭ ئەپەندىم! 1895 – يىلى ئۇيغۇرنىڭ مىللى بۇرژۇئازىيىسى مۇسا بايپلار ئائىلىسىنىڭ ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە كۆن – خىروم زاۋۇتى قۇرغاندا، شۇ ۋاقىتتا خىتايلار دۇفۇ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى قۇرالىغانمۇ، يوق؟ 25 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 1920 – يىلى خىتاينىڭ شاڭخەي شەھرىدە ياپونىيىدە تاشلىۋېتىلگەن بىرنەچچە مىڭ ئۇرچۇقلۇق يىپ ئىگىرىش زاۋۇتىنى يۆتكەپ كېلىپ زاۋۇت قۇرۇلغانلىقىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرسام گەرچە مۇستەملىككە بولسىمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى بىلەن خىتاينىڭ ئەقلىنىڭ پەرقىنى كۆرۈپ يېتەلەرسىزمۇ چىن گاڭ ئەپەندى .

تاجاۋزۇچى خىتاي قىزىل ئارمىيىسىنىڭ گېنىرال ۋاڭ جىننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى 50 – يىللاردا كەيگەن كىيىم – كېچەكنىڭ رەختلىرى، سۆكنىلىرى مۇسابايپلار ئائىلىسىنىڭ شۇيمۇگو توقۇمچىلىق فابرىكىسىدا توقۇلۇپ چىققان ئەمەسمىدى؟ ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىنى شۇنداق تىكلىگەن مىللەت ئىدى.

رابىيە قادىر، قانداق ئادەم؟ دەپ سوئال قويىدى چىن گاڭ ئەپەندى. مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق .

رابىيە قادىر ئۇيغۇرستاندا ئۈچىنچى قېتىم باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى؛ شۇنداقلا رابىيە قادىر يېڭى دەۋردە يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى ۋەكىلى. چىن گاڭ قاتارلىقلار ۋە چىن گاڭ ئېقىمدىكىلەر رابىيە قادىرنى «جىنايەتچى» دەپ، ئاتىغاندا، جۆيلىگەندىمۇ قانداق جۆيلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە، باياناتچى چىن

گاڭ قاتارلىقلارغا ياخشى تەلىم – تەربىيە بېرىلدى. فرانسىيە ئاگېنتلىقى: رابىيە قادىر مىليونېر، مىليون دوللارلىق كاپىتالغا ئىگە قەيسەر ئايال. ھازىر نامىيوللۇق، نامى تونۇشلۇق سىياسى جىنايەتچىگە ئايلىنىپ، ھاياتلىق ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان 10 مىليون ئۇيغۇرنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى دەپ، كۆرسەتتى .
جىنايەتچى كىم چىن گاڭ ئەپەندى؟ خەقنىڭ يۇرتىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، زورلۇق – زومبۇلۇق قىلىپ، قانۇنسىز ھاكىمىيەت قۇرغان كىشىلەر جىنايەتچىمۇ ياكى شۇ ۋەتەننىڭ ئىگىلىرى ئۇيغۇرلار جىنايەتچىمۇ؟

**ئاخبارات ئەركىنلىكى بولمىغان يەردە، ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 2 – كۈنى

يېقىندا خىتاي مۇستەملىكچىلەر ھۆكۈمىتى بېيجىڭدە: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنى تەرتىپكە سالدى. ياڭ بىن قاتارلىق باش تەھرىرلەرنى ئىشتىن بوشاتقاندا، گېزىتخانىدا ئىشلەيدىغان 200 دىن ئارتۇق مۇخبىر ئىشچى – خىزمەتچىلەر قىسقا مۇددەتكە ئىش تاشلىدى. ئاخبارات – مەتبۇئات ساھەسىدە خىتاي جەمئىيىتىدە 55 يىلدىن بېرى چەكلەنگەن رايون، ئەركىن پىكىر قىلغۇچىلارغا چەكلەنگەن رايون، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا مەخسەتلىك كونترول قىلىنىدىغان رايون بولۇپ كەلگەن .
ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيىتى ئۆزلىرى داۋراڭ قىلىپ، ئۆزلىرى كۆپتۈرۈپ يەنە ئۆزلىرى ۋاز كەچكەن سوتسىيالىزىمدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن كاپىتالىزىمنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان خىتاي جەمئىيىتى گاڭگىراپ قالدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاخبارات – مەتبۇئات ساھەسىگە قويغان تەلىپى ئېغىرلىشىپ كەتتى. خىتاي پۇقرالىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا

مەتبۇئات ساھەسىگە بېسىم پەيدا قىلدى. خىتاي جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ئالدىدا «شىنجاڭ باۋ» گېزىتى ھازىرغىچە ئۆزىنى بىرئاز قويۇۋەتكەن، جەمئىيەتنىڭ ھالى – دەردىگە قۇلاق سالغان، سەزگۈر جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى خەۋەر قىلغان ياكى مەخسۇس سىتون ئاچىرىتىپ تەھلىل، ئانالىز يۈرگۈزگەن گېزىت ئىدى. گېزىت تالللىۋالغان نىشان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىشانى بىلەن ئوخشاش بولمىغانلىقتىن جۇڭنەنخەي بۇ گېزىتكە تەدبىر قوللاندى .
ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ئارقىلىق جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، تەرەققىي قىلالايدۇ، مەتبۇئات – ئاخبارات ئەركىنلىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى – ئۆزى ئازاد قىلىشى، مەنىۋى مەنىۋى، تەلەپلەرنى ئۆزئارا ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ، تەلەپلەرنى ئۆزئارا قاندۇرۇشىنىڭ، ئۆزئارا بىر – بىرىنى قانائەتكە ئىگە قىلىشىنىڭ بىردىنبىر ۋاستىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئاخبارات – مەتبۇئات ئەركىنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ماددى بايلىق يارىتىش جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر ۋاستىدۇر.
گېزىتلەر خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالىغا ئايلانغاندىن باشقا كۆپرەك ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدىغان تور بەتلىرىمۇ، خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.
«تيەنئەنمىن قانلىق ۋەقەسى»، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»، «تىبەت مۇستەقىللىقى»، «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «دېموكراتىيە» دەيدىغان ئۇقۇملارنىڭ تور بېتىدە پەيدا بولۇشىغا مۇھاكىمە قىلىنىشىغا چەك قويىغاندىن باشقا ھەتتا بۇ ئۇقۇملارنىڭ تور بېتىدە ئۇقۇم شەكلىدە پەيدا بولۇشىغىمۇ يول قويىدى .
خىتاي جەمئىيىتىدە مەتبۇئات ئەركىنلىكى، جۇڭنەنخەينىڭ بەلگىلىرىگە بېرىلگەن ئەركىنلىك، سىياسى كېڭەش، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىگىلا بېرىلگەن ئەركىنلىك، ئۇلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوللايمىز دەپ، سۆزلەيدىغان ئەركىنلىك بولۇپ قالدى.

مەتبۇئات ئەركىنلىكى چەكلەش ئارقىلىق، جەمئىيەتتە سىياسى داۋالغۇش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولامدۇ؟ ياق!
مەتبۇئات ئەركىنلىكى چەكلەش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولامدۇ؟ ياق!
مەتبۇئات ئەركىنلىكى چەكلەش ئارقىلىق خىتاي جەمئىيىتىدە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولامدۇ؟ ياق!
بۈگۈن، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى يەنى پىلانلىق ئىقتىساد ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى (ئۈيغۇرىستاندىن باشقا يەردە) پارچىلاندى. ھەربىر گىراژدانىنىڭ ئىقتىسادى ئورنىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. ئادەملەر ئىندىنورئال خاراكتېردە ئاستا – ئاستا ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇشقا باشلىدى. ئادەملەر شەخس مەنپەئىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كوللېكتىپ مەنپەئەت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مىللى مەنپەئەت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قىسقىسى مەنپەئەت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. كىشلەر كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ زادى قانداق پارتىيە ئىكەنلىكىنى بۇ پارتىيىنىڭ ئاتالمىش سۇغا چىلاشقانلىقىنى، ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتى .
ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى كوممۇنىزىم، سوتسىيالىزىم دېگەننىڭ ئورنىغا جۇڭنەنخەيىنىڭ بەگلىرى «شاۋكاڭ جەمئىيىتى» دېگەن ئۇقۇمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خىتاي پۇقرالىرىنى ئالدىماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇمۇ ئاقمىدى. خىتاي جەمئىيىتى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىپ كەتتى. خىتاي جەمئىيىتى مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئۈچۈن زېمىن تەييارلىمىغان جەمئىيەت بولۇپ قالدى.
بۈگۈن خۇ جىنتاۋ ئەپەندى مەتبۇئات ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە تارىختىكى جاڭ چۈنچياۋغا، ۋىنجياباۋ ئەپەندى تارىختىكى ياۋۋېيۈەنگە

ئوخشاش بولۇپ قالدى. بۇلار تەقدىرداش بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟ دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ!

**يېڭى يىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇتلۇق باشلاندى**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

يېڭى يىل كىرىپ كەلدى. ئۆتكەن بىر يىلدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرى غەرب دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئويلىمىغان دەرىجىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى نوۋاك ئەپەندى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مۇستەملىككە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرىستان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «سىياسى مەھبۇس» دەپ، ئاتالغان پەرزەنتلىرىنى يوقلاپ ئۈرۈمچى شەھرى، غۇلجا شەھرىگە بېرىپ تۈرمىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.
نوۋاك ئەپەندى، تۈرمىلەردە سىياسى مەھبۇسلارغا تەن جازاسى بېرىشنىڭ خىتاي جەمئىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال ئىكەنلىكى توغرىسىدا خۇلاسە چىقاردى. ئۆتكەن بىر يىلدا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى رابىيە قادىر، غەربىي ياۋرۇپا، شىمالىي ياۋرۇپا ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە ياۋرۇپا ئەللىرىدىكى ئىنسانپەرۋەر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيىتىنى خەلقئارا سىياسى سەھنىدە تەڭقىش ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغاندىن باشقا، يېڭى زامان، يېڭى ماكان ئىچىدە خىلمۇخىل قىياپەتتە پەيدا بولىدىغان ئۇيغۇرنىڭ دۈشمەنلىرىنى قان قۇسۇدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى .

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى تام لەنتوْس ئەپەندى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى، ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كرىستوفىر سىمىت ئەپەندىلەرنىڭ تەكلىپ قىلىشى، فرانك ۋولف قاتارلىق دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا رابىيە قادىر، 2005 – يىلى 4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى، 7 – ئاينىڭ 21 – كۈنى، 8 –ئاينىڭ 14 – كۈنى، 12 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ جەمئى تۆت قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق ئېلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى .

رابىيە قادىر تۆۋەندىكى تۆت مەسىلە بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. (1) خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئاچچىق ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا؛ (2) خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانداق شەكىللىك زوراۋانلىق بىلەن چەكلىگەنلىكى توغرىسىدا؛ (3) خەلقئارا تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ تاكى ھازىرغىچە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق شەكىلدە باستۇرغانلىقى توغرىسىدا؛ (4) خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز، توختىماي ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قانۇنسىز كۆچۈپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا رابىيە قادىر ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە تەپسىلى دوكلاد بېرىپ ئۆتتى .

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى يىل ئاخىرىدا بىر يىللىق خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ رابىيە قادىرنى 2005 – يىلى 3 – ئاينىڭ 17 – كۈنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد قىلىپ چىققانلىقىنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى 2005 – يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان خىزمەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزدى. ياۋرۇپا ئەللىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان سىياسى پانالىق ئالالىغان ياكى تېخى سىياسى پانالىق

ئالالمىغان ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى، رابىيە قادىرنىڭ يەتتە دۆلەتنى زىيارەت قىلىشى ۋە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر سىياسى ئاكتىپلار بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق گوللاندىيە پارلامېنتى 2005 – يىلى 11 – ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا قانۇن لايىھە ماقۇللىدى. 2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 2 – كۈنى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى زەيندىن ئەپەندى ئامستىردامدىن تېلېفون بېرىپ، يەتتە – سەككىز يىلدىن بېرى گوللاندىيىدە سىياسى پانالىق ئالالمىغان بىرنەچچە نەپەر ئۇيغۇرنىڭ سىياسى پانالىقا ئېرىشكەنلىكىنى خوش خەۋەر قىلدى.
تەبرىكلەيمىز گوللاندىيە خەلقى سىلەرنى، تەبرىكلەيمىز كەچۈرۈم تەشكىلاتى گوللاندىيە شۆبىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ۋە بارلىق رەھبەرلىرىنى!
يېڭى يىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇتلۇق باشلاندى. ئەنگلىيە پارلامېنتى ۋە ئەنگلىيە كۆچمەنلىرى ئىدارىسىمۇ تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بىرنەچچە نەپەر ئۇيغۇرغا سىياسى پانالىق بەردى. شۇنداق يېڭى يىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن توغۇشلۇق باشلاندى! شۋىتسىيە پارلامېنتى ھىندىستاندا نەزەربەنت قىلىنغان بەش نەپەر ئۇيغۇرنى شۋىتسىيىگە يۆتكەپ كەلدى. بۇ يولدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن شۋىتسىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ئاناكسۇن خانىمغا ئۇيغۇرلار نامىدىن رەھمەت ئېيتىمىز.
ئامېرىكا خەلقىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى ئاڭلىشى ئۇيغۇرلارنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياسى ھوقۇق مەسىلىلىرى بويىچە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ياۋرۇپا دۆلەتلىرى خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىشىغا تۈرتكە بولدى. بۈگۈن غەربىي ياۋرۇپا، شىمالىي ياۋرۇپا ئەللىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە ئۇيغۇرلارغا ئىگە بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن

رابىيە قادىر ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى سىلەرنى تەبرىكلەيدۇ، ئۇيغۇر خەلقى!
كىشىلىك ھوقۇق كاۋاتتا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرگە ئۆزلۈكىدىن يېتىپ كەلمەيدۇ، كىشىلىك ھوقۇق ئىشىك تاراققىدە قىلسا قورقۇپ كېتىپ كارۋاتنىڭ ئاستىغا چۈشۈۋالغان كىشىلەرگە ئۆزلۈكىدىن يېتىپ كەلمەيدۇ، كىشىلىك ھوقۇق مىسقالدەك مەنپەئەت ئۈچۈن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئىگىلىپ تازىم قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۆزلۈكىدىن يېتىپ كەلمەيدۇ، كۈرەش قىلغاندىلا كىشىلىك ھوقۇق كۈرەش قىلغان تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ھاياتلىقنىڭ مەنىسى نېمە؟

**تەھدىت بىلەن باشلانغان يېڭى بىر يىل**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 11 – كۈنى

يېڭى يىل كىرگەندە ئاپتونوم رايوننىڭ قورچاق رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى يېڭى يىل نۇتقى سۆزلەپ: 2006 – يىلى ۋەتەن ئىچى ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش كەسكىن بولىدۇ، جىددىي بولىدۇ دەپ، بىلجىرلىدى. بىز ھەم ۋەتەن سىرتىدىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقنى قىياس قىلىپ تۇرۇپتۇق. 2006 – يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنىڭ خەلقئارا سەپتە، ۋەتەن ئىچىدە يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىسمايىل تىلىۋالدى، ۋاڭ لېچۈەن تەييارلىغان ھەرقانداق زوراۋانلىققا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن كەمەربەنزنى چىڭ باغلاپ تۇرغان ئىدۇق ... كەيىندىن ۋەھىمىلىك بىر ۋەقە سادىر بولدى.
يېڭى يىل كىرىپ كەلدى. ھەربىر ئادەم ئائىلىسىدە، ھەربىر دۆلەت دۆلەت سىياسىتىدە ئىگىز – پەسلىك يۈز بەرمەسلىكىنى، ھەتتا تەبىئى ئاپەت يۈز بەرمەسلىكىنى ھاياتنىڭ ئاسايىشلىق ئىچىدە داۋام قىلىشىنى ئويلىماي قالامدۇ؟

بىراق يېڭى بىر يىل ئىچىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھادىسىلەرنىڭ قانداق خاراكتېرىدە ۋە قانداق تەرىزدە يۈز بېرىشىنى ھەرقانداق كىشى پەرەز قىلالمىغاندەك ھەرقانداق دۆلەتمۇ پەرەز قىلالمايدۇ.
1 – ئاينىڭ 5 – كۈنى كەچ سائەت يەتتىگە 10 مىنۇت قالغاندا ۋىرجىنىيە شتاتى فايىر فاكىس ناھىيىسىنىڭ لى خاي ۋەي كوچىسىنىڭ سىركول تاۋىر بىناسىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشىنىڭ ئېغىزىدا سىرلىق قاتناش ۋەقەسى بەلكى مەخسەتلىك قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى .
كاتىپ سۇرەييە خانىم ھەيدىگەن، رابىيە قادىر ئولتۇرغان ماشىنىغا قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ساندۇق كوزۇپلۇق بىر دانە ئاق ماشىنا ئۇدۇل كېلىپ قەستەن ئۇرۇلدى. رابىيە قادىر، سۇرەييە خانىم ماشىنا بىرىنچى قېتىم ئۇرۇلۇشتا ساق قالغاندىن كېيىن، بەل تاسمىنى يېشىۋېتىپ ماشىنىدىن قېچىپ چىقىشقا تەييارلانغاندا، ھېلقى ماشىنا كەينىگە تۆت – بەش مېتىر يېنىپ، شوپۇر يۇقىرى سۈرئەتتە ھەيدەپ كېلىپ رابىيە قادىر، سۇرەييە خانىم ئولتۇرغان ماشىنىنى يەنە بىر قېتىم سوقتى. رابىيە خانىم ئورنىدىن قاڭقىپ ئەينەككە ئۇسۇۋالدى. دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە رابىيە خانىم سەگەك ئىدى، بۇرۇنقىدەكلا ئەس – ھۇشى جايىدا ئىدى.
دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيدە يېتىپ داۋالىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بىرنەچچە كۈن ھۇشسىز ياتقان بولسىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەرقانداق زەيىم – زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. بويۇن سۆڭىكى ئازراق زەخىملەندى خالاس .
ھاياتلىق پەقەت ھاياتقا مەخسەتلىك ئىزدەنگۈچىلەرگىلا نىشان بولالايدۇ! ھاياتلىقنىڭ ۋاستىسى رەھىمسىز كۈرەشتىن باشقا نېمە بولۇشى مۇمكىن ئىدى؟
رابىيە خانىم 1989 – يىلى يەتتە قەۋەتلىك ئائىلىكلەر بىناسىنى سېلىپ پۈتتۈرگەندە 1 مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە خىتاي مىللىتى ئاتالمىش 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىنى كوز – كوز قىلىپ، كۆرەڭلەپ يۈرگەندە تېخى

بىر خىتاي ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر تەرەتخانا ياكى بىر توخۇ كاتەكىمۇ سالمىغان ئىدى. 13 مىڭ يىللىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى 5 مىڭ يىللىق خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. كۆڭزى بىلەن مىڭزى تەلىماتىنىڭ ئۈستىدىن يۈسۈپ خاس هاجىپ بىلەن مەخمۇد كاشغەرىنىڭ تەلىماتى غالىپ كەلدى. غىڭشىيدىغان ئىككى تارلىق ئەرخۇنىڭ ساداسىدىن بەش تارلىق تەمبۇرنىڭ ساداسى غالىپ كەلدى، خىتاينىڭ ئەقلى ۋە جۇرئىتىدىن ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى جۇرئىتى غالىپ كەلدى. خىتاي مىللىتىنىڭ مىللى روهىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى روهى غالىپ كەلدى. مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۇرۇمچى شەهرىدە بۇلاق بېشى كوچىسىدا ئۇيغۇر ئەقلىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە يەتتە قەۋەتلىك بىنا قەد كۆتۈرگەن بولدى. رابىيە قادىر ئۈچۈن يەتتە قەۋەتلىك بىنادىن ئېيتقاندا بۇ ئىش تۇنجى باشلىنىش تۇنجى غەلىبە بولۇپ قالدى.
يۇقىرىقى يەتتە قەۋەتلىك بىنانى سېلىش جەريانىدا رابىيە قادىر يازغان ئىلتىماسقا 75 تامغا باستۇرۇشقا توغرا كەلدى. بېسىلغان بىر تامغا ئۈچۈن قانچىلىك پۇل بېرىلگەنلىكىنى هېسابلاپ چىقماق تەس. خىتاي كۆچمەنلىرى تامغا كۆتۈرۈپ چېگرادىن كىرىپ كەلدى. ئۇيغۇر پۇقرالىرى قەغەز كۆتۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ تامغا باستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قىسقىسى رابىيە قادىر ماڭدامدا بىر هوقۇققا دۇچ كەلدى. رابىيە قادىر كىشىلىك هوقۇققا، هاياتلىق – ماماتلىق مەهكۇملۇقىنىڭ كەسكىن زىددىيەتلىرىگە دۇچ كەلدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇستەملىككە رېئاللىقى رابىيە قادىرنى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاخىر ئۇيغۇر قىزى رابىيە قادىر مۇستەملىكچى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بېرىشكە دۇچار بولۇپ، ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك هوقۇق جەڭچىسىگە ئايلىنىپ قالدى .
رابىيە قادىر خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ 3 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا خەلقى تەييارلاپ بەرگەن كىشىلىك هوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش سەهنىسىدە ئۇيغۇر

مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، سىياسىي غايىلىرى ئۈچۈن دەم ئالماي، تىنىمسىز ئارام تاپماي كۈرەش قىلدى.
رابىيە قادىر سىدىقھاجى روزى ئائىلىسى جەم بولۇپ تېخى ئۇھ... دېمىگەن ئىدى. 1 – ئاينىڭ 5 – كۈنى يەنە بىر قېتىم قاباھەتلىك چۈش كۆردى. بۇ ئائىلىنى يەنە بىر قېتىم قارا باستى. مۇبادا ھاياتلىق رەھىمسىز سىياسىي كۈرەشنىڭ سەھنىسى بولىدىغانلا بولسا، مۇبادا ھاياتلىق مىللىي مەنپەئەتنى، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى قوغداشنىڭ سەھنىسى بولىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا كۈرەش ئۈزلۈكسىز بولىدۇ، دەھشەتلىك بولىدۇ؛ بەزىدە كۆزىمىزدىن ياش تۆكۈلىدۇ؛ بەزىدە ۋۇجۇدىمىزدىن قان تۆكۈلىدۇ .
رابىيە قادىر ئاياغقا دەسلەپ دوختۇرخانىدىن ئۆزى مېڭىپ چىقتى. ئۇ يەنە ئورنىدىن دەست تۇردى، باللىرىغا چاقچاق قىلدى. ئىشداشلىرىغا ئىش تاپشۇردى، دۈشمەنلەر كۈلۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى، دوستلار قايغۇرۇشقا، يىغلاشقا مۈپتىلا بولمىدى، رابىيە قادىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، سىياسىي ھوقۇقلىرى ۋە مۇقەددەس سىياسىي كەلگۈسى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى .
ئەجەلى مۇتلەق بولىدۇ، يەنە ئەجەلى مۇئەللەق بولىدۇ دەپ، ئاڭلىغان ئىدىم؛ ئاللاھتىن كەلگەن ئۆلۈم پېشانىگە پۈتۈلگەن مۇتلەق ئۆلۈمدۇر. بەندىدىن، قارا تۇرك بەندىدىن – بەندىگە كەلگەن ئۆلۈم ئەجەلى مۇئەللەق بولىدۇ. رابىيە قادىر قاباھەتلىك ماشىنا ۋەقەسىدىن ساق – سالامەت ئامان قالدى. ئاللاھقا ئېيتقىنى بار ئىكەن رابىيە قادىرنىڭ، ئاللاھقا دېگىنى بار ئىكەن رابىيە قادىرنىڭ خۇدا رابىيە قادىرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. خۇدا بىر مىسكىن مىللەتنىڭ سىياسىي داۋاسىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. تۇمارىسنىڭ روھىنى، سادىرنىڭ روھىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ، ھاجى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ تالاي – تالاي مىللىي قەھرىمانلارنىڭ رابىيە قادىرنىڭ پائالىيەتلىرىگە مەدەت تىلىگەن ھەربىر ئاڭلىق ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر روھىنىڭ تەلەپلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاللاھ قۇتقۇزۇپ قالدى.

ختاي جاسۇسلىرى ماشىنا ۋەقەسىگە باھانداپ رابىيە قادىرنى ئۆلتۈرەلمىدى!

**ئىككى خىل قىسمەت ۋە ئىككى خىل قىممەت**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەمەلدار تەيىنلەش مەسىلىسى بويىچە پرېزىدېنت بوش تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى ساماۋېل ئالىتو، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندە كەسكىن مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى . مۇنازىرە كىشىلىك ھوقۇق، مەمۇرىيەت ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ئىرقى كەمسىتىش، سايلام ھوقۇقى، سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىق تېمىلارغا بېرىپ چېتىلدى. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىرئاياغ ئاياللارنىڭ بالا چۈشۈرۈۋېتىش ياكى بالا چۈشۈرۈۋەتمەسلىك مەسلىسى ئالىتو ئەپەندىنى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە تەيىنلەش مەسلىسىدە ھالقىلىق مۇنازىرە قوزغىغان مەسلىگە ئايلىنىپ قالدى.

بالا چۈشۈرۈش مەسلىسى يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئىنتايىن ئېغىر ئىجتىمائىي مەسلە بولۇپ قالغاندى. بالا چۈشۈرۈشنى قوللىغۇچىلار: ئاياللارنىڭ جىسمانى جەھەتتە قوغدىنىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ شۇڭا بالا چۈشۈرۈشنى ياكى چۈشۈرمەسلىكنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ، دېيىشتى. بۇ مەزھەپ ئادەتتە تاللىغۇچىلار مەزھەبى دەپ، ئاتالدى .

بۇ مەزھەپكە قارشى تۇرغۇچىلار: ئىنسانىنىڭ پانى ئالەمگە كېلىشى ۋە باقى ئالەمگە كېتىشىنى ئاللاھ بەلگىلەيدۇ، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە بۇ بىر ھاياتلىق، ئانا قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋەتكەندە، ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتىل بولۇپ قالدۇ، دېيىشەتتى. بۇ ئېقىمدىكى كىشلەر ھاياتلىق ئېقىمى مەزھەپى، دېيىلەتتى. بۇ ئىككى ئېقىم

جەمئىيەتتە سۆز – ئىبارە ئارقىلىق مۇنازىرلىشىپلا قالماي بەزىدە ھەتتا قارشى تەرەپكە زوراۋانلىق ئىشلىتەتتى .
مەن ئويلاپ قالدىم. ئويلاش ۋە ئۆكۈنۈش، غەزەپلىنىش ئىچىدە ئامېرىكا جەمئىيتى بىلەن خىتاي جەمئىيتىنى ۋە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇر جەمئىيتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇردۇم. ئاساسى قانۇنلۇق ئامېرىكا جەمئىيتى بىلەن ساختا ئاساسى قانۇنلۇق خىتاي جەمئىيتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇردۇم. ئادەمگەرچىلىك، مېھرىبانلىققا تولغان ئامېرىكا جەمئىيتى بىلەن زوراۋانلىق، قانۇنسىزلىق سۈرگەنخىتاي جەمئىيتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇردۇم. ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ئىنسانىيەتچىلىك تەبىئىتى بىلەن خىتاي پۇقرالىرىنىڭ غەيرى ئىنسانى تەبىئىتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇردۇم.
ئاددى قائىدە شۇكى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئادەم تەبىئىتى، دۇنيا قارشى، دىنى ئېتىقاد ئەقىدىسى، ئەخلاق قاراشلىرى، شۇ مىللەت قۇرۇپ چىققان دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەتنىڭ دۆلەتلىك خاراكتېرى، ئىچكى – تاشقى سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، پۇقرالارنىڭ قىسمەتلىرى ۋە بۇ قىسمەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسى، ئەخلاقى قىممىتىنى دۆلەتنىڭ دۆلەتلىك خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ.
مەسىلەن، ھامىلەنى چۈشۈرۈۋېتىش ياكى چۈشۈرۈۋەتمەسلىك مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكا جەمئىيتىنىڭ قورساقتىكى ھامىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بولۇپمۇ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ قەدرى – قىممىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدۇر.
يېقىندا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتى ستاتىستىكا قىلىپ 1 مىليارد 300 مىليون (راستمۇ؟) خىتاي پۇقراسىنىڭ تۇپراقتا ئۆملەپ يۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى. غالچا رەئىس ئىسمايىل تىلىۋالدى: پىلانلىق تۇغۇت سىياستى يولغا قويۇلغان 18 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا 3 مىليون 5 يۈز مىڭ بوۋاقنىڭ كەم تۇغۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
ئەگەر قانۇن، قانۇن بولىدىغان بولسا، ياكى قانۇن يەنە قانۇن بولۇپ

تۇزۇلدىغان بولسا، ياكى خىتاي بۇ مىللەت تەبىئىتىنىڭ زەررىچە ئەخلاق ئامىللىرىغا ئادەم سۈپىتىدە ياندىشىقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولسا، پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى ئاز سانلىق (خىتايغا سىڭىشتۇرغاندا) ئېتنىك مىللەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىدى؟ بۇ سىياسەت زوراۋان بىر سىياسەت ھېسابلىنىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟
18 يىلدا 3 مىليون 5 يۈز مىڭ بوۋاق كەم تۇغۇلغان بولسا، يەنە 20 يىلدا ئۇيغۇر مىللىتى يەر شارىدىن پاك – پاكىز يوقالغان بولامدۇ؟
ئېھتىمال بەزىلەر پىلانلىق تۇغۇت سىياستى، ئاتالمىش شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان)غا كۆچۈپ كىرگەن، خىتاي كۆچمەنلىرى ئارىسىدىمۇ يولغا قويۇلدىغۇ؟ دېيىشلىرى مۇمكىن. ئەگەر پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئۇيغۇرىستانغا كۆچۈپ كىرگەن خىتاي كۆچمەنلىرى ئارىسىدىمۇ يولغا قويۇلدىغان بولسا، ئۇيغۇرىستانغا توختىماي كۆچۈپ كىرىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى ھادىسىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرگۈلۈك، كۆچمەنلەر كۆچۈپ كېلىپ ئۆلگۈرەلمەيۋاتسا يەنە پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى خىتاي كۆچمەنلىرى ئارىسىدا يولغا قويۇشى مۇمكىنمۇ؟
خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۆچۈپ كىرىشىگە دۆلەت ئىقتىسادى ياردەم بېرىدۇ؛ دۆلەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ دۆلەت يەر – سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ دۆلەت تۇرالغۇ ئۆي بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ دۆلەت خىتاي كۆچمەنلىرىنى كاماندۇرۇپكا راسخودى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ دۆلەت خىتاي كۆچمەنلىرىگە مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى سەپلەپ بېرىدۇ؛ ھەممىگە پۇل كېتىدۇ، پۇل قەيەردىن كېلىدۇ؟ دۆلەت بانكىسى بانكىدىن پۇل ئاجرىتىپ بەرمەيدۇ؛ بۇ پۇلنى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھۆددىگە ئالىدۇ. مالىيە ئورگانلىرى پەقە تئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك، قان – تەرى بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمىدى؟
نېمىشقا ئامېرىكا پۇقرالىرى بىلەن خىتاي جەمئىيىتى پۇقرالىرىنىڭ بولۇپمۇ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىسمەتلىرى، ئادىمىلىك

قىممەتلىرى شۇ دەرىجىدە پەرىقلىنىدۇ؟ مەسىلىنى سىياسەت ۋە قانۇنغا تەدبىقلاپ كۆزەتكەندە ھەرقانداق پۇقرا ئامېرىكىدا ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ، خىتاي جەمئىيىتىدە، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا پۇقرالار ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسى بولالمايدۇ.
ئامېرىكىدا پۇقرالار قانۇن تۈزۈشكە قاتنىشالايدۇ؟ قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا ئەمەل قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە، ئەمما، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا پۇقرالارنىڭ قانۇنغا، سىياسەتكە ئارىلىشىش، قانۇن تۈزۈش، سىياسەت بەلگىلەشكە ئارىلىشىش ھوقۇقلىرى يوق. شۇڭا ئامېرىكىدا مەلۇم پۇقرانىڭ مەلۇم قىسمەتكە دۇچار بولۇشى قانۇنغا يۈزلەنگەن دۇچار بولۇشتۇر، خىتاي جەمئىيىتىدە، ئۇيغۇرىستان جەمئىيىتىدە پۇقرالارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلەر زوراۋانلىقتىن كېلىدىغان قىسمەتلەردۇر.
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھامىلە چۈشۈرۈشنى تاللاش ياكى ھامىلىنى چۈشۈرمەسلىكنى تاللاش ھوقۇقى يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئى نەسىل قالدۇرۇش، ئۆيلۈك – ئوچاقلىق بولۇش ھوقۇقى يوق. خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى ئۇيغۇرلارنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقى يوق. ھازىر ئۇيغۇرىستاندا يېزا – قىشلاق دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ياكى ھامىلدار بولغان ئاياللارنىڭ تەقدىرىنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولدى. ھەتتا ۋاڭ لې چۈەن گۇرۇھى پىلانلىق تۇغۇت دوختۇرلىرى نامىدا ئۆزىنىڭ يۇرتى سەندۇڭدىن خىتاي قاسساپلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇغۇتلۇق ئاياللارنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا يول قويدى. ئۇيغۇر دادىلار قېنى؟ دادا بولغۇچىنىڭ، ئەركەك بولغۇچىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى قېنى؟!

**تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتى يەنە جىددىيلەشتىمۇ؟**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 15 – كۈنى

قارىغاندا تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلەشمىدى، بىراق تەيۋەن تەرەپ، تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۈرىدىغان سۆزلەرنى، سىياسىي ئىبارىلەرنى يەنە تىلغا ئېلىشقا باشلىدى.

گېزىتلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلەر ياكى تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئويلايدىغان كىشىلەر، پرېزىدېنت چېن شۈي بيەن سۆزلىگەن يېڭى يىل نۇتقىنىڭ تېكىستىنى ئامېرىكا تەرەپ كۆزدىن كەچۈرگەن، دېگەن سۆزنى مەتبۇئات يۈزىگە ئېلىپ چىققان ئىمىش.

«دۇنيا گېزىتى» باش ماقالىسىدا: ئەگەر تەيۋەن مۇستەقىلچىلىرى شۇ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك بولۇپتۇ، دەپ كۆرسەتتى.

پرېزىدېنت چېن شۈي بيەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئامېرىكا تەرەپكە قۇلاق ئۇزاتمىسىمۇ، بىراق، ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ يېتەكلەش، ئەگىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى ئەسلى كونكرېتلاشمىغان. ئامېرىكا، تەيۋەن ھەمكارلىقى يۇقىرىقىدەك بولغاندا تولۇق ئاشكارىلانغان بولىدۇ.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تەيۋەن ەومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى خالاس قىلغان 1979 – يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىرى بىر جۈڭگو سىياسىتىنى تەكىتلىگەندىن باشقا، تەيۋەن بوغىزى سىياسىتىنى چوڭ قۇرۇقلۇق قورال ئىشلەتمەيدۇ، تەيۋەن مۇستەقىللىق جاكارلىمايدۇ، دەيدىغان سىياسىي ئىبارىگە يىغىنچاقلىغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم بىر قانچە سورۇندا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: ئىككى قىرغاقنىڭ مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەنىدى .

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن يېڭى يىل نۇتقى سۆزلىگەندە: تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە ماس كېلىدىغان يېڭى ئاساسى قانۇن تۈزۈشىمىز كېرەك، دەپ تەكىتلەپ، يېقىندىن بېرى پەسكويىغا چۈشكەن تەيۋەن، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ھارارىتىنى يەنە ئۆرلىتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى.

دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە رايونلار مۇناسىۋىتى كۆپ خىل، تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدىكەن. تېخى يېقىندىلا شياڭگاڭ پۇقرالىرى، شياڭگاڭ مەمۇرى رايونىنىڭ رەھبىرىنى 2007 – يىلى ئومۇمى سايلام ئارقىلىق سايلايمىز دەپ، كوچىغا چىققان ئىدى. يېڭى يىل كىرگەندە تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن 2007 – يىلى تەيۋەندە، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە ماس كېلىدىغان يېڭى ئاساسى قانۇن تۈزۈشىمىز كېرەك، بەلكى بۇنداق ئاساسى قانۇن تۈزۈش ھەرىكىتىنى ئومۇمى خەلق بېلەت تاشلاش ھەرىكىتى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك دەپ، ئوتتۇرىغا چىقتى .

جۇڭنەنخەينىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلار تەرەپ – تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە سىياسى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىمى تەيۋەن مەسىلىسى بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ھازىرغىچە تاشقى سىياسەت تۈزگەندە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەيۋەن توغرىسىدىكى مەيدانىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دېيىشكەن .

2002 – يىلى 9 – ئاينىڭ 19 – كۈنى تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى، «ۋولىسرويىت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ ماقالىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەندە تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ زادى قانداق مەسىلە ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشقان .

ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ ماقالىسىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: قانۇنى جەھەتتىن ئامېرىكىغا نىسبەتەن بىر جۇڭگو سىياسىتىدىن ئېيتقاندا ئاتالمىش بىر جۇڭگو سىياستى – ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەيۋەنگە ئىگىلىك

ھوقۇقى بارلىقنى ئامېرىكىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىدىن، تەكشۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، قانۇنى جەھەتتە ئاتالمىش بىر جۇڭگو سىياستى، ئامېرىكا، تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ياردەم قىلامدۇ، قىلمامدۇ، دېگەن مەسىلىگە مۇناسىۋەتسىز، چۈنكى، ئامېرىكا 1979 – يىلىدىن باشلاپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمىتى دەپ، ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق، تەيۋەن مەسىلىسىدە بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى.
ماقالىدا يەنە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاتالمىش بىر جۇڭگو سىياستىنىڭ مەنىسى – ئامېرىكىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر ھۆكۈمەتتىن ھالقىپ كەتكەن ئىككىنچى بىر خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئامېرىكا، ئىككى گېرمانىيە مەسىلىسىنى شۇنداق بىر تەرەپ قىلدى. ئىككى كورىيە مەسىلىسىنىمۇ شۇنداق بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن پرېزىدېنت رىگاننىڭ 1982 – يىلى ئوتتۇرىغا قويغان تەيۋەن توغرىسىدىكى ئالتە ماددىلىق كاپالەتنامىسىگە، ھەمدە ھەر نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا –قايتا شەرھىلىگەن ۋەدىلىرىگە ئاساسلانغاندا تەيۋەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ ھېچقانداق كۆزقارىشى يوق .
ماقالىدا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى ئادۋوكاتلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: خەلقئارا قانۇنلار ئاستىدا، تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنى بېكىتىلمىگەن. بۈگۈنگىچە ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن ۋەدىلىرىدە شۇنداق كۆزقاراش ھەرگىز ئۆزگىرىپ كەتمىگەن. بۇ ئىشلار شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق بولىدىكى، تەيۋەن 2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەسلىم بولغان ياپونىيىنىڭ قولىدىن ئامېرىكا قايتۇرۇپ كەلگەن تەيۋەن ئىدى. ئامېرىكا، تەيۋەن پۇقرالىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە يۇقىرىقى ئىشلار مۇۋاپىق بولۇپ، شۇڭا ئامېرىكىلىقلار تەيۋەننى ئەبەدى ئۆزىنىڭ قولىدىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ.

خۇلاسىلىغاندا تەيۋەندە يۈكسەك دېموكراتىك سايلام تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئاخبارات – مەتبۇئات ئەركىنلىكى قويۇۋېتىلدى، تەيۋەننىڭ تۈرمىلىرىدە سىياسى مەھبۇسلار يوق. خەلقئارا ئۆلچەملەردىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى تەيۋەن ھۆكۈمىتى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ قانۇنلۇق ھۆكۈمەتتۇر.

**ئىسمايىل تىلىۋالدىنىڭ دوكلادىغا باھا**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 19 – كۈنى

قورچاق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 10 – نۆۋەتلىك 4 – ئومۇمى يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ قورچاق رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى، ختاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاد بەرگەندە: مىللى بۆلگۈنچىلەرگە، تېررورىستلارغا، رادىكالىستلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايمىز، دېدى، بىلجىرلىدى .

ئەپسۇسكى ئەينى چاغدا مىللىتارىست شىڭ شىسەيمۇ گومىنداڭ ختاي ھۆكۈمىتىمۇ، ئۇيغۇرنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان دەۋرلەردىمۇ يۇقىرىقىدەك قان ھىدى، مىلتىق دورىسى ھىدىگە تولغان چاقىرىقلارنى كۆتۈرۈپ چىقالمىغان.

ۋاڭ لې چۈەن قويۇپ بەرگەن بىر ئىستاكان قايناق سۇنى ئىچىۋېتىپ، خىقىراپ قالغان كارنىينى نەملىۋېلىپ ئىسمايىل تىلىۋالدى: يۇقىرىقى قان ھىدى پۇراپ تۇرغان چاقىرىق خاراكتېرلىك ئۇقۇملارنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسىنى كونكرېت دەرىجىگە يۆتكەپ كېلىپ: مەركىزى كومىتېتنىڭ نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى – مىللى بۆلگۈنچىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىش، ئاۋۋال مۇش كۆتۈرۈش، باش كۆتۈرگەننى يوقۇتۇش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرىمىز دەپ، بىلجىرلىدى.

بۇ سۆزلەرنى باشتىنلا سەندۇڭلۇق كۆچمەن ۋاڭ لې چۈەن سۆزلەپ كەلگەنتى. مەسلەن، 2001 – يىلى 12 – ئاينىڭ 11 – كۈنى قورچاق ئاپتونوم رايوندا تېلېۋىزىيە، تېلېفون يىغنى چاقىرىپ يىغىندا كۆچمەن ۋاڭ لې چۈەن: نۆۋەتتە شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) ئىنتايىن ئېغىر، مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە، تېررورىستلارغا، دىنى رادىكالىستلارغا قاتتىق، قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم، دەپ بىلجىرلىغان ئىدى. بۈگۈن قان ھىدى بىلەن پوپوزا قىلىش نۆۋىتى قورچاق رەئىس ئىسمايىل تىلىۋالدىنىڭ ئاغزىغا يۆتكۈلۈپتۇ. ئىسمايىل تىلىۋالدىنى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر بېلەت تاشلاپ قورچاق ئاپتونوم رايونغا رەئىس قىلىپ سايلاپ بەرگەن ئەمەس. شۇڭا ھەرقانداق ئۇيغۇر ئىسمايىل تىلىۋالدىنى رەئىس دەپ، تونۇمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق ئۇيغۇر، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەيدىغان مەمۇرى بىرلىكنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەمۇرى بىرلىكى دەپ، تونۇمايدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نامدىكى ئاتالمىش سىياسى مەمۇرى ھۆكۈمەت ئاپپاراتى – شەكىل ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ مەمۇرى، سىياسى مۇستەملىكچى ھۆكۈمەت ئاپپاراتىدۇر.

ئىسمايىل تىلىۋالدى پەقەت مۇستەملىكچى ھۆكۈمەتكە ياللىنىپ ئىشلەيدىغان ئادەم، بۇ كىشىنىڭ مىللى بۆلگۈنچىلەرنى ئاتالمىش تېررورىست ۋە رادىكالىستلارنى باستۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش ھوقۇقى يوق، مۇستەملىكچى ۋاڭ لې چۈەن شۇنداق باستۇرۇشقا «ھوقۇقلۇق» كىشىدۇر.

**تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تەبىرى**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 19 – كۈنى

1974 – يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان «تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تەبىرى توغرىسىدا قارار»نىڭ 1 -

ماددىسىدا، تاجاۋۇزچىلىققا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: تاجاۋۇزچىلىق بىر دۆلەت قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئىككىنچى بىر دۆلەتنىڭ ئەلىك ھوقۇقىغا، زېمىن پۈتۈنلىكىگە ياكى سىياسى مۇستەقىللىقىغا تاجاۋۇز قىلىش ياكى مۇشۇ قارادا كۆرسىتىلگەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىغا خىلاپ بولغان ھەرقانداق ئۇسۇللار بويىچە قورال ئىشلىتىش بۇ تاجاۋۇزچىلىق بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئۇيغۇرىستان تارىخىنىڭ شۇ دەقىقىلىرىدە دۆلەت دەپ ئاتىلامتى يوق؟

بىز يەنە يۇقىرىدىكى «قارار»نىڭ دۆلەت بۇ ئىسىم ياكى دۆلەت بۇ ئۇقۇم توغرىسىدىكى تەبىرىگە نەزەر ئاغدۇرايلۇق .

«قارار»نىڭ شەرھىلەش خاراكتېرلىك چۈشەندۈرىشىدە، دۆلەت بۇ ئۇقۇمغا مۇنداق تەبىر بېرىلدى.

()دۆلەت دېگەن ئۇقۇمنى ئىشلىتىش – ئېتىراپ قىلىنغانمۇ ياكى ئېتىراپ قىلىنمىغانمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە ياكى بىر دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولغانمۇ ياكى بولمىغانمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە بېرىپ چېتىلمايدۇ.

بۇ تەبىر ئۇيغۇرىستانىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى ئەھۋالىغا تازا باب كېلىدىغان تەبىردۇر.

## باج ئېلىش خىزمىتى بىلەن ئاتالمىش نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 20 – كۈنى

1 – ئاينىڭ 18 – كۈنى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2006 – يىللىق باج ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچى شەھرىدە ئېچىلدى. يىغىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇ رئاپتونوم رايونى مەسئۇل

بولۇپ تەشكىللىگەن باج كىرىمى زور مىقداردا ئاشقان ئىمىش. يەنى 2005 – يىلى 24 مىليون يۈەن باج يىغىپ ئېلىنغان ئىمىش.
نومۇس دېگەن سۆز خىتاي تىلىدا نېمە دېيىلىدىغان بولغىيدى، يالغانچىلىق دېگەن سۆز خىتاي تىلىدا يەنە نېمە دېيىلىدىغان بولغىيدى؟
چۈنكى، خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ باج ئىشلىرى كادىرلىرى، «نېفىتتىن قىلىنىغان باج كىرىمى ئاپتونوم رايونىمىز باج كىرىمىنىڭ ئېشىشىدا زور رول ئوينايدۇ دەپ، يالغان سۆزلىدى.
«شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھوقۇقى ئاپىراتلار مۇناسىۋەت دائىرىسىگە باغلىق «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت شىركىتى» قۇرۇلغانمۇ، ياكى يوق؟ ئاپتونوم رايوندا نېفىت مەنبەئەلىرىنى ئېچىش، قېدىرىپ تەكشۈرۈش، يۆتكەش ھوقۇقى، جۇڭگو نېفىت شىركىتىنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئىشمۇ ياكى سەندۇڭلۇق كۆچمەن ۋاڭ لې چۈەننىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىشمۇ؟ ئېچىش، قېدىرىپ تەكشۈرۈش، يۆتكەشكە باج قويۇپ، نېفىتتىن باج ئالالايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ۋاڭ لې چۈەن، ھەقىقەتەن ۋاڭ دۆبەنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولمامدۇ؟
جۇڭگو نېفىت شىركىتى ئۇيغۇرستاندىن نېفىت ئالىدۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىر دوللار باج تۆلىمەيدۇ، بۇنىڭ تامام ئەكسىچە ئۇيغۇرستاندا نېفىت چارلاش بېجىنى، ئۇيغۇرستاندا نېفىت ئېچىش بېجىنى، يۆتكەش، توشۇش بېجىنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۆلەپ كەلدى. ئىشەنمىسەڭلار تۆمۈر دۋگامەتتىن سوراپ كۆرۈڭلار: ھەر ئايدا «شىنجاڭ» مالىيىسىدىن 36 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، تۆمۈر دۋگامەت ئەينى چاغدا نېفىت ئىشلىرى بېجى ئورنىدا مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيىسىگە تاپشۇرۇپ تۇراتتى .
ۋاڭ لې چۈەن كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى نېمىشقا يالغان سۆزلەيدۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنى قاچانغىچە ئالدايدۇ؟
ئۇيغۇرستاندا سەككىز ئورۇندا چېگرا ئېغىزى چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە، خىتاي مىللىتىنىڭ پارىخور سودىگەرلىرىگە ئېچىپ

بېرىلدى. بېكتۈەن شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) تاموژنىسىنى باشقۇرىدۇ. تاموژنا ئۆتكەن بىر يىلدا تۆت مىليارد يۈەن باج پايدا كۆرسەتكەن ئىمىش، لېكىن بېكتۈەن بۇ پۇلنى يەرلىك مالىيە – شىنجاڭ مالىيىسىگە ئەمەس بەلكى بىۋاستە مەركىزى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ. ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاموژنا باشقۇرۇش ھوقۇقى بارمىدى؟

بېكتۈەن نېمە؟ ئاتىماقىا بېكتۈەن؛ ئەمەلىيەتتە بېكتۈەن خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قۇرۇلغان، كۆچمەن خىتايلاردىن تەشكىللەنگەن كارخانىسىدۇر. بېكتۈەننى مەركىزى ھۆكۈمەت باشقۇرىدۇ. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بېكتۈەننى باشقۇرۇش ھوقۇقى يوق .

بېكتۈەن، ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئىكىن يەرلىرىنى تىزگىنلىدى، بېكتۈەن ئۇيغۇرىستانىنىڭ دەريا – ئېقىن سۇ مەنبەئەلىرىنى تىزگىنلىدى... بېكتۈەن ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئىقتىسادى جان تومۇرىنى كونترول قىلدى. بېكتۈەن سۇ ئىشلىتىش بېجىنى، بوز يەر ئېچىش بېجىنى مەركىزى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ، «شىنجاڭ» مالىيىسىگە تاپشۇرمايدۇ. ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قاتناش – ترانسپورت بېجى، مەركىزى ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ؛ «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پوچتا – تېلېگراف بېجى «شىنجاڭ» مالىيىسىگە تاپشۇرۇلمايدۇ؛ مەركىزى ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ؛ «شىنجاڭ» ئاپتونوم رايونىدا كان ئېچىش، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بېجى «شىنجاڭ» مالىيىسىگە تاپشۇرۇلمايدۇ؛ مەركىزى ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ؛ تۆمۈر يول قاتناش بېجى، تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى ئارقىلىق مەركىزى ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ؛ «شىنجاڭ» مالىيىسىگە تاپشۇرۇلمايدۇ، ئورمانچىلىق – ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېسىپ ئىشلىتىش بېجى «شىنجاڭ» مالىيىسىگە تاپشۇرۇلمايدۇ؛ مەركىزى ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا

تۆمۈر يول ياتقۇزۇش، تاش يول ياساش بېجى «شىنجاڭ» مالىيىسىگە تاپشۇرۇلمايدۇ، مەركىزى ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.
ئۇنداقتا «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ قورچاق مەمۇرى ئورگاننىڭ ئىقتىساد ساھەسىدىكى ھوقۇق دائىرىسى زادى قەيەردىن — قەيەرگىچە؟ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد ساھەسىدە ھوقۇق دائىرىسى بەلگىلەنگەنمۇ؟ بۇ مەسىلە تېگى — تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر مىللەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدۇر. ئىگىلىك ھوقۇق، سىياسى ھوقۇقنىڭ يەنە بىر شەكلى يەنى دۆلەت قانۇنى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلگەن شەكلىدۇر. سىياسەت ساھەسىدە بۇ مىللەتنىڭ سىياسى ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىكەن، ئوخشاشلا ئىقتىساد ساھەسىدە بۇ مىللەتنىڭ ئىقتىساد ھوقۇقلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.
يۇقىرىدا باج تاپشۇرۇش تەرتىپلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق .
2005 – يىلى بىر يىلدا 28 مىليارد باج پايدىغا ئېرىشكەن «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى يۇقىرىقى باجنى كىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن يۇلۇۋالدى؟ بۇ باج ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان — تەرىدىن يىغىۋېلىنغان ئەمەسمۇ؟ 10 – بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 440 مىڭ نوپۇسنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان ئىمىش. نامراتلارنىڭ نوپۇس سانى 3 مىليوندىن 1 مىليونغا چۈشكەن ئىمىش.
نامراتلىق ئۇيغۇرنىڭ مىللى جەمئىيىتىدە قانداقتۇر 3 مىليون، 1 مىليون دەيدىغان سان ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان نامراتلىق بولماستىن بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن نامراتلىقتىن ئېيتقاندا ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتۇر.
ئۆتمۈشنىڭ قايسى بىر زامانلىرىدا ئېرىق — ئۆستەڭلىرىدە سۈت — قىمىز ئاقىدىغان ئۇيغۇرنىڭ مىللى جەمئىيىتى، دېۋانلىرى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ

تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ مىللىي جەمئىيىتى، بۈگۈن ئىقتىساد ساھەسىدە قايسى ھالغا چۈشۈپ قالدى؟
خام – خىياللاردا بولماڭلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پۈقرالىرى: گادايلاشتۇرۇش ئاخىر ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى جىسمانىي جەھەتتە زەئىپلەشتۈرۈش، يوقۇتۇش، مىللەت سۈپىتىدە يەر شارىدىن يوقۇتۇش، بۇ جۇڭنەنخەي بەلگىلىگەن سىياسەتنىڭ ماھىيىتىدۇر.
ئۇيغۇرنىڭ مىللىي جەمئىيىتىنى ۋە ئادەملەرنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆزىنى باقالمايدىغان ھالەتكە، ئۇيغۇر مىللىتىنى قارا خەلق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش، ئەتراپىتىكى ھادىسىلەرگە ئەلەڭ – سەلەڭ قارايدىغان، ئەلەڭ – سەلەڭ كۆزىتىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش، مىللىي ئاڭنى، مىللىي ھېسسىياتلىق تۇيغۇنى، مىللىي غورۇرنى، مىللىي ئۆزۈمچىلىك ۋە ئۆز – ئۆزىنى تەن ئېلىش تۇيغۇسى ۋە ئەقلى كامالىتىنى يوق قىلىش بۇ جۇڭنەنخەي بەلگىلىگەن سىياسەتنىڭ يەنە بىر ماھىيىتىدۇر.

**ئالدامچى كۆچمەنلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلىرى**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

ختاي جەمئىيىتىدە ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرى ئاساسى قانۇندىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالار ھوقۇقىدىن ختاي پۇقرالىرىغا ئوخشاشلا بەھرىمەن بولغان ئىمىش. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر، مەملىكەتلىك «خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى»نىڭ ۋەكىللىرىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيمىش. ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ، چوپىلدا توختىمايدىغان ئەمما، ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قىزىل باشلىق ھۆججەتلىرىدە توختايدىغان ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ .
ختاي مۇستەملىكچىلىرى 2004 – يىللىق ۋە 2005 – يىللىق كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىياتى توغرىسىدا تارقاتقان ھۆججەتلىرىدە يۇقىرىقىدەك كاپشىدى.

داۋاملاشتۇرۇپ: مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈلگەن جايلاردا، ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئاساسى قانۇندا ۋە باشقا قانۇنلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بېرىلگەن سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقىنى ئىشقا سالالايدۇ، دېدى.
ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ، ئۆتكەمدىن ئۆتسىمۇ غەلۋىردە توختاپ قالىدىغان ئۇلۇغ قۇرۇق گەپتۇر. 55 يىلدىن بېرى قايسى ئۇيغۇر سايلامغا قاتناشتى، قايسى ئۇيغۇر ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلام ئارقىلىق سايلاپ بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنتى؟ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بارمىدى، قېنى قايسى ئۇيغۇر سايلاش سايلىنىش ھوقۇقىنى ئىشقا سالالىدى؟ خىتايدا سايلام قانۇنىنى دەيدىغان بىر قانۇن تۈزۈلگەنمىدى؟
«ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى تەشكىللىگەن» ئىمىش. شۇ مىللەتنىڭ، شۇ رايوننىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان دېموكراتىك ھوقۇقلارنى ئىشقا سالغان ئىمىش . ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ، خىتاي «دانالىقى» بىلەن خىتاي يالغانچىلىقى بىرلىشىپ كەتكەن ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ .
ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا «ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش» ئورگانلىرى قەيەردە قۇرۇلدى؟ بۇ ئورگانلار قانچە نەپەر ئۇيغۇردىن تەشكىللەندى، قايسى خىتاي رەھبەر بولۇپ بىزگە شۇنداق پاكىتنى «ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش» پاكىتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟
بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئۆلۈپ – تارتىپ كەتسە، جەسەت قويىدىغان يەرلىكنىمۇ خېنەنلىك، سەندۈگلۈق خىتاي كۆچمەنلىرى تەستىقلاپ بېرىدىغان كۈنگە قالغان تۇرسا!
يېزىلاردا، ھەتتا كەنتلەردە بىگتۇەندىن يۆتكەپ كېلىنگەن خىتاي دادۈيجاڭ، خىتاي شاۋ دۈيجاڭلار پەيدا بولۇپتۇ. كۆڭخوزى دەۋرىدىن خىتاي خۇ جىنتاۋ دەۋرىگىچە يالغان سۆزلىگەن خىتاي مىللىتى، قاچانى – قاچان بىر جۈملە راست سۆزلەشكە ئۆگەنگەندە مەن ئىشىنىمەنكى، ئادەم بولۇشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى شۇ چاغدا تاشلىغان بولىدۇ.

«ئاز سانلىق مىللەتلەر رايوندا مائارىپ تەرەققىي قىلدى» دېيىلدى دوكلاتتا .
ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا «مەجبۇرى مائارىپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 83% تى ھەقسىز ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا ئېرىشكەن ئىمىش، شۇنداقمۇ؟ مەسىلەن، مارالبېشى ناھىيىسىدە ئۇيغۇر باشلانغۇچ ئوقۇغۇچىلىرى تامغا قارا دوسكا ياساپ بېرىلگەن بولسىمۇ، خەت يازىدىغان بور يوق. تاشقىرىغا چىقىپ توپىسىنى سۈپۈرۈۋېتىپ، سىغىز يەرگە كېسەك بىلەن خەت يېزىپ خەت ئۆگىنىدىكەن بۇ قانداق باشلانغۇچ مائارىپ ؟
ھەر يىلى 9 – ئايدا «ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش ئورنى» قىلىپ تاللىۋېلىنغان مېھمانخانىلارنىڭ ئالدىدا ئېڭىكىنى تۇتۇپ، ئەسنەپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى قەيەردىن كەلدى، مائارىپ تەرەققى قىلغان يېزىلاردىن كەلمىگەنمۇ؟ پەرزەنتلىرىنىڭ نومۇر چېكىنى بىلمەكچى، نومۇرى تۆۋەن بولسا ئارقا ئىشىك بىلەن يول ماڭماقچى، تالاي ئادەملەر، ئاتالمىش ئىمتىھان تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن تالاي ئۇيغۇر ياشلىرى ئېسست ھەي، ئۇيغۇر ياشلىرى!
ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان تۆت يۈرۈش ئالىي مەكتەپنى كىم قۇرغان؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قۇرۇپ بەرگەن ئالىي مەكتەپمىدى، بۇ؟ ھازىرقى «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەسلى ئاساسى بولغان قىزىل بىنانى، شىڭ شىسەيگە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سېلىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ تېببى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسىنى داۋالاش بۆلۈملىرىنى، ئوقۇتۇش بىنالىرىنى، شىڭ شىسەيگە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سېلىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ھازىرقى كان ئىشلىرى ئىنىستىتۇتىنى سابىق سوۋېتلىك تېخنىكلار 50 يىللاردا سېلىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيىتى يۇقىرى مەكتەپلەرنى ياساپ تارىغاندىن باشقا، بىر ئىككى بىنا سېلىپ كۆپەيتكەندىن باشقا 55 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلارغا ئالىي مەكتەپ سېلىپ بەرگەن ئىش بارمىدى؟ مىللەتارىست

شلڭ شسسەي ئۇيغۇرلارغا قلىپ بەرگەن «ياخشى ئىش»نىڭ ئوندەن بىرىنىمۇ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قىلىپ بېرەلمىدى.
ئۇيغۇرستاننىڭ جاي – جايلىرىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇيدىغان تولۇق ئوتتۇرا  مەكتەپ يوق. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپ يوق... قايتىشى كېرەك... ئوقۇغۇچىلار يېزىلارغا قايتىشى كېرەك... بۇ ئوقۇغۇچىلار بۇ قۇسا – سۆرە ياسايدىغان ياغاچچىلارغا ئايلىنىشى لازىم. بۇ ھۈنەرنىمۇ خىتاي كۆچمەنلىرى تارتىۋالمايدىغانلا بولسا!
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيتى 2004 – يىلى غەربىي قىسمىنى ئېچىش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىغا 8 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالدى. قاتناش، ئېنېرگىيە، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق ئون تۈر بويىچە قۇرۇلۇش باشلىدى. بۇ تۈرلەرگە قانچىلىك ئىشچى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىندى؟
خىتاي كۆچمەنلىرىگە بېرىلگەن ئىمتىياز، داۋالىنىش راسخوتى، مائارىپ، ئوقۇتۇش راسخوتى، ئىش كۈنى ھەققى، كۆچمەن خىتايلارغا ئولتۇراق ئۆي سېلىپ بېرىش راسخوتى، خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەھەرلەشتۈرۈش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى سەھرالاشتۇرۇش... غەربنى ئېچىشنىڭ مەخستى شۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە بولۇشى كېرەك؟
خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇرستانغا كۆچۈرۈپ كېلىش، شاللىۋېتىلگەن ستانوك  - زاۋۇتلارنى ئۇيغۇرستانغا يۆتكەپ كېلىش، مەيلى يېنىك سانائەت ياكى ئېغىر سانائەت تۈرلىرىدا بولسۇن، مەلىكىلىك مەشغۇلاتنى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش، خىتاي مىللىتىنى سانائەت مىللىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى تەبئىي ئىگىلىك – دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلاش... غەربنى ئېچىشقا  مۇناسىۋەتلىك مۇستەملىكچىلىككە ئائىت سىياسەتتۇر.
ئۇيغۇرلار مۇستەملىككە ئۇيغۇرستاندا ھوقۇقى مۇناسىۋەتلەر تورىغا يېقىنلاشتۇرۇلمىدى، سىياسەت ۋە ئىقتىساد تارىختىن بېرى قوشكېزەك

بولۇپ كەلگەن. شۇڭا سىياسەت ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى دېيىلىپمۇ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نامراتلىقىنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بەلگىلىگەن سىياستى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭسىزلىقىنى، قاششاق، قالاقلىقىنى مۇستەملىككە سىياسەت ۋە مۇستەملىككە مائارىپ كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇر خەلقى قانچە قالاق بولغانسېرى بۇ مىللەتنىڭ ئۈستىدىكى سىياسى زۇلۇم، ئىقتىسادى ئېكسپولاتاتسىيە شۇنچە ئېغىرلاشتى. زۇلۇم ئېغىرلاشقانسېرى ئۇيغۇرلار شۇنچە ئاڭسىز قېلىۋەردى. شۇڭا خىتايچە سوتسىيالىزىم، خىتايچە كاززاپلىق، خىتايچە يالغانچىلىق ئاتالمىش خىتايچە دېموكراتىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بازار تاپتى، خىتاينىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن كاززاپلىقىنى نادان ئۇيغۇرلار ھەقىقەت دەپ، يۈرۈۋەردى.

**دۇنيا سودىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

1 – ئاينىڭ 26 – كۈنى «دۇنيا گېزىتى» ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى – «ئەنگلىيىدىن ئۆتۈپ كېتىش، ئامېرىكىنى قوغلاپ يېتىش دېگەن سۆزى راستقا ئايلاندى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا: خىتاي كوممۇنىستلىرى 25 – كۈنى مۇخبىرلارغا، مىللى دارامەت ئومۇمى قىممىتىنىڭ 9.9% ئاشقانلىقىنى، خىتاي دۆلىتىنىڭ دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئىقتىساد دۆلىتىگە ئايلانغانلىقىنى جاكارلىدى دەپ، كۆرسەتتى .
خىتاي ئىقتىسادىنىڭ يىلسېرى ئېشىپ بارغانلىقىغا قارشى پىكرىمىز يوق. ئەكسىچە ئالقىشلايمىز ئەلۋەتتە.
ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ ئىقتىساد ساھەسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بۇ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس ئىدى. خىتاي جەمئىيىتى 80 – يىللارغا كىرىپ كەلگەندە ئىقتىسادى جەھەتتە گۇمران بولۇشنىڭ

گېرۋىكىگە كېلىپ قالغان. ئارىلىقتا خىتاي دېموكراتىي ۋە جىق شىك ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندە، دۆلەت ئەزالىرىنى تەنقىدلەپ: سىلەر 20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىدا، سوۋېتلەر روسىيىسى خىتايغا قارشى ئاتوم ئۇرۇشى قوزغىماقچى بولغاندا، بۇ ئۇرۇشنى توسۇپ قېلىپ خىتاينى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار؛ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىك ئىقتىساد سىستېمىسى گۇمران بولۇش گىرۋىكىگە يېتىپ كەلگەندە «مەڭگۈلۈك نورمال سودا مۇناسىۋىتى بېرىش» سىياسىتىنى ۋاقىتلىق تەقدىم قىلىپ، كوممۇنىست خىتاينىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە يىمىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدىڭلار، دېگەن ئىدى. قىسقىسى خىتاينى باشقىلار ئەمەس ئامېرىكىلىقلار سىلەر قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار دېگەن ئىدى.

راست شۇنداق ئىدى. 1912 – يىلى شۇ ۋاقىتتىكى خىتاي مىللى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ داھىسى سۇنجۇڭشەن، ئاۋدام لىنكىننىڭ «ئۈچ مەسلەك سىياسىتى»نى ئېلىپ كالفورنىيىدىن ۋەتىنى خىتايغا قايتقاندەك؛ 1980 – يىلى خىتاي كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى دىڭ شياۋپىڭ، ئامېرىكىنىڭ سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ھۆججەتلىرىنى سومكىسىغا قاچىلاپ ۋاشىنگتوندىن بېيجىڭغا قايتقان. شۇنداق قىلىپ مىللى دارامەتنىڭ ئېشىش نىسبىتى 9.9% گە يەتكەن خىتاي جەمئىيىتى خەلقئارا ئىقتىساد ساھەسىدە پەيدا بولدى.

يەنە شۇ «دۇنيا گېزىتى» 3 – بېتىدە «جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسىدا تەتۈر پەرق سەپەرداش مالىيە ئىلاھى بولۇپ قالدى، سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا: كۆپچەمەس مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈشى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىراق ئىقتىسادشۇناسلار خىتاي ئىقتىسادىدا يۈز بېرىدىغان ئېشىندى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى مەسىلىسى، ياۋرۇپا، خىتاي، ئامېرىكا

ئوتتۇرسىدا يۈز بېرىدىغان سودا سۈركۈلۈشىدىن ۋە خەلق پۇلىنىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە ئەنسىرەشمەكتە دەپ، كۆرسەتتى.
تەيۋەن خىتايلىرى 2001 – يىلى 12 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ قاتناشتى. باشقىنى قويۇپ تۇرايلى، بۈگۈن تەيۋەن دېھقانلىرى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى خىتاينىڭ ئىچكى بازىرىغا كىرىشكە باشلىدى. تەيۋەن خىتايلىرى خىتاينىڭ ئىچكى بازىرىغا تەيۋەنلىك خىتاي سۈپىتىدە قاتناشتى. دېمەك، تاۋار بىلەن تاۋارنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بازارغا كىردى. ئۇنداقتا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئۇيغۇرلار، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ئادەم ئورنىدا خەلقئارا بازارغا قاتنىشالىدىمۇ؟
ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقارغان پاختا – كەندىر، كۆك تاماكا، ئاشلىق، ياغلىق زىرائەت، نەشپۈت، قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم خەلقئارا بازارغا كىردى، بىراق ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى، ئايرۋاشلىغۇچى ئورنىدا خەلقئارا بازارغا كىرەلمىدى. بىر تونىنا پاختىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى قىممىتى قانچىلىك؟ خىتاي ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن سېتىۋالغاندا قانچە پۇلغا سېتىۋالدۇ؟
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى نېمشقا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقارغان يۇڭ – تېرە، پاختا – كەندىر، ئاشلىق، كوك تاماكا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا مەجبۇرى باھا بەلگىلەپ بېرىدۇ؟ زادى نېمىشقا؟ مەيلى يېنىك سانائەت ياكى ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى بولسۇن، ياكى سانائەت تورلىرىغا كېرەك بولغان خام ئەشيا ياكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرنىڭ باھاسى بولسۇن، باھا بازار ئارقىلىق بەلگىلەنمەمدۇ؟ باھا بازار ئارقىلىق تەڭشەلمەمدۇ؟
خەلقئارا بازاردا پاختىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەندە خىتاي كۆچمەنلىرى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر دېھقانلىرنىڭ قولىدىن سېتىۋالدىغان پاختىنىڭ باھاسىنى ئۆرلەتمىدى؛ خەلقئارا بازاردا پاختىنىڭ باھاسى تۆۋەنلىگەندە

ختاي كۆچمەنلىرى ھاكمىيىتى ئۇيغۇر دېھقانلىرنىڭ قولىدىن سېتىۋالىدىغان پاختىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلەتتى. باھانە تېپىش ختاي ئۇچۇن بەك ئاسان ئىدى. بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى... پاختىنىڭ تالاسىغا تەسىر يەتتى... بۇ يىل ھۆلچىلىك بولدى... پاختىنىڭ سۇ تەركىبى ئېغىرلىشىپ كەتتى... بۇ يىل پاختىنىڭ قەن تەركىبى ئېشىپ كېتىپ، ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ تالاسىغا تەسىر يەتكۈزدى ۋەھاكازا . يۇقىرىقىلار باھا چۈشۈرۈپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى قاقتى – سوقتى قىلىدىغان ختاينىڭ باھا مەسلىسىدىكى ھېلىگەرلىكى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىش دېگەنلەرچۇ؟

ختاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ قاتناشتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ بىر خىل تاۋارغا ئايلاندى. بازاردا تاۋارنىڭ قىممىتىنى ياراتتى، دېگەن سۆز. ئەمما، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ئۇيغۇر دېھقانلىرى تاۋارنىڭ قىممىتىنى ياراتتى – يۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى يەنى ئادىمىيلىك قىممىتىنى يارىتالمىدى. ئايرىۋاشلاش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى باشقا تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىختىيارى باھا قويۇپ ساتالمىدى. بازار مېخانىزىمىدىن پايدا كۆرەلمىدى، بازار فونكسىيىسىدىن پايدىلىنالمىدى، چۈنكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھوقۇقسىز دېھقانلار ئىدى. تاۋارنى، تاۋارغا ئالماشتۇرغاندا، يەنى بىر كىلوگرام پاختىنى بىر كىلوگرام خىمىيۋى ئوغۇتقا ئالماشتۇرۇش، تاۋارنى – تاۋارغا ئايرىۋاشلاش، تەڭ قىممەتتە ئايرىۋاشلا بولىدىكەن، بۇنداق ئايرىۋاشلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى تەڭ ھوقۇقلۇق ئايرىۋاشلاش بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇگۈن ختاي كۆچمەنلىرى قاقتى – سوقتى قىلىدىغان ئىقتىسادى زۇلۇم سېلىشنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. مىللى زۇلۇم ئېغىرلاشتى .

ختاينىڭ ئىقتىسادى كۈنسايىن ئېشىشقا باشلىدى. مونوپولىيلىك تالان – تاراج قىلىش، ختايدا ئىقتىسادى يۈكسۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر ئامىل بولۇپ قالدى. ئامېرىكا بىلەن ياۋرۇپا ئىتتىپاقىنىڭ ختاي

بلەن بولغان سودىسىدا ئىنتايىن زور تەتۈر پەرق كۆرۈلدى. پەقەت ئامېرىكىنىلا مىسالغا ئالساق 2005 – يىللىق خىتاي ئامېرىكا سودىسىدا ئامېرىكا 200 مىليارد دوللارلىق تەتۈر پەرق بىلەن زىيان تارتتى. ئەگەر دۆلەتلەر ئارا قوغدىنىش خاراكتېرلىك سودا – تىجارەت يولغا قويۇلىدىغان بولسا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەقدىرى قانداق بولار ؟

**بوھرانغا پېتىپ قالغان خىتاي جەمئىيىتى**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

خىتاي دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ 2005 – يىلى تەرەققىي قىلىپ 9.9% گە يەتكەنلىكىنى ئامېرىكا، ياپونىيىدىن قالسىلا خىتاي دۆلىتىنىڭ دۇنيادا 4 – دەرىجىلىك ئىقتىساد دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېلان قىلدى.
«دۇنيا گېزىتى» 27 – كۈنى باش ماقالە ئېلان قىلىپ: «ئەنگلىيىنى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئامېرىكىنى قوغلاپ يېتىۋالىدىغان ياخشى كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە بايراق كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ قىلىش كرىزىسى» ماۋزۇلۇق ماقالىدا بوھران دەۋرى يېتىپ كەلگەن خىتاي جەمئىيىتىنى ئانالىز قىلدى.
خىتاي جەمئىيىتىنىڭ كرىزىسى ئىقتىساد ۋە تاشقى سودا ساھەسىدە قىزىپ كېتىشىنىلا ئەمەس بەلكى خىلمۇخىل كېسەل ھالەتلىك زىددىيەتلەرنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى جۈملىدىن بايلىق، گادايلىق پەرقىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، مەنىپەئەت گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلىشىشى، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، تەپتارتماسلىق، پۇقرالارنىڭ ئازاب – ئوقۇبەتلىرى، پۇقرالارنىڭ دەردىنى ئېيتىدىغان يەر تاپالمىغانلىقى، كەسكىنلەشكەن مىللى توقۇنۇش ۋە مىللى زىددىيەتلەر،

خىتاي جەمئىيتىنى بۆھراننىڭ گىرۋىكىگە كەلتۈرۈپ قويىدى، دەپ كۆرسەتتى .
شۇ گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي دۆلىتىنىڭ ساقچى مىنىسترلىكى: ئۆتكەن بىر يىلدا ئاممىۋى تەرتىپنى بۇزغۇچى دېلولارنىڭ كۆپىيىپ 6.6% گە يەتكەنلىكىنى، 87 مىڭ قېتىم دېلو سادىر قىلغانلىقىنى، جەمئىيەت تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرغۇچى دېلولارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ 19% گە يەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.
بۈگۈنكى كۈندە خىتاي جەمئىيىتىدە شەرقىي – شىمال خىلۇڭجياڭدىن تارتىپ جەنۇبتا گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە قەدەر كوللېكتىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 240 قېتىمدىن كۆپرەك يۈز بېرىشكە توغرىلاندى. 2004 – يىلى ئالاقىدار تەرەپلەر تىزىمغا ئالغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك قارشىلىق كۆرسىتىش 74 مىڭ قېتىم يۈز بېرىپ قاتناشقان ئادەملەرنىڭ سانى 3.760 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن .
نېمىشقا بۇنچىلا ئادەم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ كوممۇنىستلارغا يۈزمۇ – يۈز تاقابىل تۇردى ۋە توغرىدىن – توغرا ئادالەت تەلەپ قىلدى؟ زادى نېمىشقا خىتاي پۇقرالىرى شۇنداق جۈرئەتكە كېلەلىدى؟ چۈنكى، خىتاي پۇقرالىرى مەركەزگە خەت ئەۋەتىپ مەسىلە ھەل قىلغىلى، ئەرز ھال ئېيتىپ مەسىلە ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە خىتاي پۇقرالىرى ئۆزىنى – ئۆزى ئالداشنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى، خىتاي پۇقرالىرى زوراۋان ھاكىمىيەتتىن ئاقىلانىلىق تەلەپ قىلىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى .
خىتاي جەمئىيىتىدە سىياسەت ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققى قىلىپ ئۆزگىرىشى خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايون مەمۇرى بىرلىكىدىن باشقا، تەشكىلى قۇرۇلمىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. مەسىلەن، شەھەرلەشكەن خىتاي پۇقرالىرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى مىڭ يۈەنگە يەتكەندە،

يېزىلاردا دېھقانلار ۋە ئاجىز تەبەقەلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 300 يۈەنگىمۇ يەتمەي قالدى.
ھوقۇقدارلار يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان بايۋەچچىلەر توقلۇقتا شوخلۇق قىلىپ يۈرگەندە، دېھقانلار كەمبەغەل بولۇپ قېلىۋەردى، داۋالىنىش، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا چارىسىز قالدى. قانۇن – ئەدلىيە ئادىل بولمىدى، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، قانۇن پۇقرالارنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى ئەمەس، بىر پارتىيە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان قانۇن بولۇپ قالدى. مەتبۇئات – ئاخبارات ساھەسى يېزىق تۈرمىسىگە ئايلىنىپ قالدى. مەدھىلەشكە يول قويىدى پاش قىلىشقا يول قويمىدى. گۇپپاڭچىلىققا يول قويىدى، مەتبۇئات ساھەسىنىڭ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىشكە يول قويمىدى.
بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ماۋ زېدۇڭ ئەنگلىيىنى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىش ئامېرىكىنى قوغلاپ يېتىۋېلىش چاقىرىقىنى ئاۋازلىق توۋلىغان. خىتاي جەمئىيىتى ھەقىقەتەن ئىقتىساد ساھەسىدە ئەنگلىيىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، سىياسىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، تۇرمۇشنى ئەركىنلەشتۈرۈش جەھەتتە ئەنگلىيىدىن ئۆتۈپ كېتەلمىدى. ئىقتىساد ساھەسىدە خام ئەشيا مەنبەئەلىرىنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلىش ۋە مونوپولىيىلىك ئىقتىساد سىياستى، سىياسەت ساھەسىدە تۆرىچىلىك، بيوكراتىزىملىق سىياسەت، خىتاي جەمئىيىتىنى ئادەملەرنىڭ جەمئىيىتىگە ئەمەس ياۋۇزلارنىڭ جەمئىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

**ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ «شېرىن ئايلىرى» ئاخىرلاشتى**

2006 – يىلى 1 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئوساما بىن لادىن رەھبەرلىكىدە خەلقئارا تېررورىستلارنىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا خەلقئارا تېررورىستلارغا زەربە بېرىش

بىرلىكدە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان ئىدى. يېقىندا نەشىردىن چىققان «ۋاشىنگىتون پەسىللىك ژۇرنىلى»دا، خىتاي دۆلىتىنى تەتقىق قىلغان بىر قاتار ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، «11 – سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ «شېرىن ئايلىرى» ئاخىرلاشتى دەپ، خۇلاسە چىقاردى.

«ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 29 – كۈنى خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، «ۋاشىنگىتون پەسىللىك ژۇرنىلى» 2005 – 2006 – يىللىق قىش پەسىللىك نەشرىدە: مىللەتچىلىكتىن تارتىپ ياپونىيە، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگىچە؛ ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ھەربىي مۇناسىۋەتلىرىدىن تارتىپ ئېنېرگىيە ھەمدە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىشلىرىغىچە چوڭقۇر قاتلاملىق ئانالىز ئېلىپ باردى.

«تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇش ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى تۆت يىل ياخشىلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار قوش تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك مەسىلىلەر كۈنسايىن مۇرەككەپلەشتى. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى «شېرىن ئايلار» ئاللىقاچان ئاخىرلاشتى دەپ، ھۆكۈم قىلىندى ماقالىدا.

ماقالىدا 1990 – يىللاردىن باشلانغان ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ئەسلەپ ئۆتۈلدى. 1989 – يىلى تيەنئەنمىندە يۈز بەرگەن دېموكراتىك ھەرىكەتنى خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى قوراللىق باستۇرغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى يامانلىشىپ كەتكەن . ئامېرىكا، خىتاي، ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئائىت تۈزۈلگەن توختاملارنى توڭلىتىپ، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت سودا – تىجارەت پائالىيەتلىرىنى توختىتىپ قويغان ئىدى. «11 – سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنلا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن .

باردى – كەلدى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تۈرلۈك ئاكتىپ ئىلگىرلەشلەرنى خۇلاسلاپ ماقالىدا: ئامېرىكا، خىتاي ئىككى دۆلەت ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار

بويىچە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەربىي جەھەتتە خاتا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالدى ھەمدە ئامېرىكا، خىتاي ئىككى دۆلەت قوش تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك ھەربىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەكلىشىنى ئىشقا سېلىپ قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى، دېيىلدى.

ماقالىدا: مۇتەخەسسىسلەر ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايوندا يوشۇرۇن ئىستراتېگىيىلىك ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى.

خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايوندا تەسىرى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقاندا، خىتاي بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندا ئىستراتېگىيىلىك ئېلىشىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ دەپ، كۆرسىتىلدى.

ماقالىدا: ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايوندا رىقابەتلىشىپ قېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ خىل ئامىل كۆرسىتىلدى: (1) تەيۋەن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش؛ (2) رايون خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇش؛ (3) ئىككى دۆلەتنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك رىقابەتلىشىش، ئاسىيا –تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ مۇقىملىقىغا، ئامېرىكا بىلەن خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىدى.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا: يۇقىرىقى ئۈچ ئامىل ئىككى دۆلەت تەرىپىدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن كونترول قىلىنمايدىكەن، ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋىتى «يېقىنچىلىق» قىلىش مۇناسىۋىتى ھالىتىدىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىك ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەتنىڭ سەلبى رىقابەتلىشىدىغان دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ، ھەتتا، ئىككى دۆلەت ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتتە بىر – بىرىگە قارىمۇقارشى رەقىپلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

رايون خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە خىتاينىڭ ئىنكاسى بەزىدە ئاكتىپ، بەزىدە پاسسىپ بولدى. كورىيىنىڭ ئاتوم قوراللىرىنى ياسىشىغا،

ئىرانلارنىڭ يادرو قوراللىرىنى ياسىشىغا قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشى كېرەك خىتاي ھۆكۈمىتى؟ دۆلەت ئىچىدە مۇستەملىكچىلىرى – ئۇيغۇرىستان، تىبەت مەسىلىسىنى بۇ رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياسى تارىخى مەسىلىلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىشى مېنىڭچە ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋىتى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان يىرىك مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

**قارا نوپۇس ئۇيغۇرلار...**

2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 2 – كۈنى

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتى كونا دېموكراتىزىملىق ئىنقىلاب دەۋرىدىن يېڭى دېموكراتىزىملىق ئىنقىلاب دەۋرىگە سەكرەپ چىقىشنى؛ كونا دېموكراتىزىملىق ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن يېڭى دېموكراتىزىملىق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە سەكرەپ ئۆتۈشنى تازا توۋلىغان 50 – يىللاردا، روسىيە ك گ ب جاسۇسلار تەشكىلاتىنىڭ ئاھالە باشقۇرۇش سىياسى سەنئىتىنى يۆتكەپ كېلىپ ئۆگىنىپ، مەنچىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالارنى باشقۇرۇش سىياسى ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ «يېڭى دېموكراتىزىملىق» جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئومۇملاشتۇرغان ئىدى.
دېھقانلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھاكىمىيەت تىكلىگەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى پارتىيىسى دېھقانلارنى خىتايچە سوتسىيالىزىم غالجىرلىقىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاۋۋال يېزىلاردا نوپۇس تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شەھەرلەرگە كېلەيتىپ، دېھقانلارنى ۋە شەھەر پۇقرالىرىنى بىر قەدەم نېرىغا باسالمايدىغان، ئاشلىق نورما بەلگىلەپ بېرىپ، بىر كىشى بىرونىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالسا بىر پىيالە چاي قۇيالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ توغرىدا توختالغان «دۇنيا گېزىتى»: خىتاي جەمئىيىتىدە شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. شەھەرلەر 2 – دۇنياغا، يېزىلار 3 –

دۇنياغا مەنسۇپ قالغانتى. نوپۇس تىزىملاش، كېنىشكە تارقىتىپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان دېھقانلار شەھەرلەرگە كىرگەندە، ئاجىز تەبەقەلەرگە، قارا نوپۇسقا ئايلىنىپ، بالىلىرىنى تەربىيىلەش، ئۆي سېتىۋېلىش، پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتتە كەمسىتىشكە ئۇچرايتتى دەپ، كۆرسەتتى .

ئەمدى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى نوپۇس تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇلغان باشقۇرۇش تۈزۈمگە يول ئاچار ئىمىش.

نوپۇس تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي دېھقانلىرى شەھەرمۇ – شەھەر، ناھىيىمۇ – ناھىيە ئاققۇن بولۇپ يۈرۈيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ؛ ئۇنداقتا ئۇيغۇر دېھقانلىرىچۇ؟ خىتاي دېھقانلىرى شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىچۇ؟ ئالتايدىن – چۆچەكتىن قوي يۆتكەپ كېلىپ ئۈرۈمچى شەھرىدە قاسساپلىق قىلىدۇ، قۇرۇلۇش كۆتىرە ئېلىپ قۇرۇلۇش سالالمايدۇ، قۇرۇلۇش ئىدارىلىرىغا ۋاقىتلىق ئىشچىمۇ بولالمايدۇ، پويىز ئىستانسىسىدا ژۇڭ چۇشىرىدىغان، ژۇڭ قاچىلايدىغان ھامماللمۇ بولالمايدۇ، قاراماي، مايتاغ، كورلا شەھەرلىرىدە دات باسقان ماي تۇرۇبىلىرىنى تازىلايدىغان ئىشچىمۇ بولالمايدۇ، ھەتتا ئۇيغۇر دېھقانلىرى زاۋۇتلاردا قايناقسۇ قاينىتىپ بېرىدىغان ئادەتتىكى ئىشچىمۇ بولالمايدۇ.

«دۇنيا گېزىتى» باش ماقالىسىدا: خىتاي شەھەرلىرىدە تەرەققىيات تەلەپلىرى ئۆسكەنسېرى، خىتاي دېھقانلىرى ئاستا – ئاستا شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ، شەھەر ئەتراپلىرىنى شەھەرلەشتۇردى .

شەھەرلەرگە كىرىپ – چىقىپ يۈرەەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى قايسى شەھەرنىڭ ئەتراپىنى شەھەرلەشتۇردى؟ غۇلجا شەھرى بىلەن نوغايتا يېزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى خىتاينىڭ قاتناش قوراللىرى ئىگىلىدى، غۇلجا شەھرى بىلەن قورغاس ئېغىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىتاي كىراكەشلىرى قاتنايدىغان بولدى، قەشقەر شەھرى بىلەن ئاتۇش

شەھرنىڭ ئارىلىقىدا خىتاي كۆچمەنلىرى تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇۋالدى، زادى نېمە ئىش ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئېشىپ قالدى؟

«دۇنيا گېزىتى» مۇنداق كۆرسەتتى: نوپۇس تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسى كۈچىدىن قېلىپ، مائارىپ، تەربىيىلەش، جەمئىيەت ئامانلىقى، داۋالىنىش مەسىلىلىرى، مەسىلىلەر ئىچىدىكى مەسىلىلەرگە ئايلىنىپ شەھەرلىكلەرنىڭ ئەۋزەللىك ئىدىيىلىرى غايىپ بولدى. بۇنداق ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەن خىتاي كوممۇنىستلىرى، قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا قارايدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى .

داۋالىنىش ھەقسىز داۋاملىنىش، مائارىپ تەربىيىلىنىش ھوقۇقلىرىنى ئۇيغۇرلارغا بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا تەدبىقلاشقا بولامدىغاندۇ؟ يۇقىرىقى سۆزنىڭ مەنىسى – بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى، نوپۇس تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق خىتاي دېھقانلىرىنى شەھەرگە قوۇۋېتىپ، تېخىمۇ ئېغىر ئىجتىمائىي، سىياسى داۋالغۇش پەيدا قىلىشتىن ئاۋۋال، سىياسى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، زىددىيەتلەرنى يۇۋاشلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسىنى تېپىش لازىم، دېگەنلىكمۇ؟

نوپۇس تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ خىتاي دېھقانلىرىنىڭ شەھەرلەرگە كىرىشىگە يول قويۇلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىچۇ؟ ئۇيغۇر دېھقانلىرى تاغ ئارىسىغا سۇ ئامبىرى ياساشقا ئەۋەتىلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتىلدى، ھەقسىز ئەمگەك ھاشا ئۆستەڭ چېپىشقا ئەۋەتىلدى. ئىختىيارى ئەمگەك دەپ، ئاتىلىدىغان بۇ خىل ئەمگەك شەكلى، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا كىرىشكە تەييارلاپ قويىدىغان بوز يەرنى سالالاشتۇرۇش ئەمگىكى ئۇيغۇرنىڭ زىممىسىغا چۈشتى، دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇرلار ئاچقان بوز يەردە ختاي كۆچمەنلىرى تېرىقچىلىق قىلىدۇ، سۇ ئامبىرىدىن ختاي كۆچمەنلىرى پايدىلىنىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتى، يەكەن ۋىلايىتى قاتارلىق ۋىلايەت ناھىيىلەرگە بىڭتۇەنلىك ختايلاردىن دادۇيجاڭ، شاۋدۇيجاڭ بېكىتكەندىن كېيىن، ئىچكىرىدىن كەلگەن ختاي كۆچمەنلىرىنى شۇ يېزىلار، كەنتلەرگە يەرلەشتۈرۈپ، ياغاچ كېسىپ ختاي كۆچمەنلىرىگە ئۆي سېلىپ بېرىدىغان، «ئارتۇق قىسمى» دېگەن باھانىدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قولىدىن يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، ختاي كۆچمەنلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ئىشلار باشلاندى. كۆچمەن ختايلار ھەرگىز قارا نوپۇس دەپ، ئاتالمىدى. قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن دېھقان ئۇيغۇر ياشلىرى شەھەرلەرگە كىرگەندە قارا نوپۇس دەپ ئاتالدى، تۈرمىلەرگە قامالدى، تۈرمىدىن – تۈرمىگە يۆتكەلدى.
قارا نوپۇس ئۇيغۇرلار قاچان ئاق نوپۇس ئۇيغۇرغا ئايلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە، ئۆزىنىڭ يۇرتىدا ئۇيغۇرلار نېمىشقا قارا نوپۇس بولۇپ قالدى؟

**ختاينىڭ دىپلوماتىك پائالىيىتىگە باھا**

2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

2006 - يىلى ختاي مۇستەملىكچىلىرىگە دىپلوماتىيىدىن ئېيتقاندا، بۇرۇلۇش يىلى بولۇپ قالامدۇ، - قانداق؟ ئىچكى سىياسەت، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى قاتارلىق ساھەلەردە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئەگىشىپ ئىستراتېگىيىلىك دىپلوماتىك سىياسىتىنىمۇ يۆتكىلىش نۇقتىسىغا كەلتۈرۈپ قويدى.
ئامېرىكا بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ختاي دىپلوماتىيىسىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ كەلگەنتى. يېڭى يىلدىن باشلاپ ختاي مۇستەملىكچىلىرى دىپلوماتىك سىياسىتىنىڭ تىغ ئۇچىنى غەربىي

– جەنۇبتا ھىندىستانغا، شەرقىي – شىمالدا ياپونىيىگە، شىمال تەرەپتە روسىيە فىدىراتسىيىسىگە قاراتماقچى بولدى.
ئاۋۋال ھىندىستان بۇ دۆلەتنىڭ خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلۇق. خىتاي، ھىندىستان دۆلەتلىرى يېڭى يىلدا دۆلەتلەر ئارا تېلېگرامما يوللاپ، قارشى تەرەپنىڭ يېڭى يىل بايرىمىنى تەبرىكلەپ «خىتاي، ھىندىستان دوستلۇق يىلى» باشلانغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. ئىككى دۆلەت چەت ئەللەردە نېفىت مەنبەئەلىرىنى ئىزدېگەندىمۇ، ئىككى دۆلەت ياردەملىشىدىغان، ھەمكارلىشىدىغان مۇناسىۋەتلەرگە ئاساس سالغاندەك بولدى.
تارىختا بىر ئۇرۇشۇپ بىردە يارىشىپ كەلگەن، خىتاي، ھىندىستان دۆلەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى مۇناسىۋەتلىرى، خەلقئارا سودا مۇناسىۋەتلىرىدىن باشقا يەنە بىر ئىش – تەرتىپكە سالىدىغان چېگرا ئايرىش تىبەت مەسىلىگە بېرىپ تاقىلاتتى .
ياپونىيە – خىتاي دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىگە كەلسەك، 2005 – يىلى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىدە مۇزلاش – توڭلاش ھالىتى كۆرۈلگەن، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسەت ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىرى سوغۇق بولۇش، ئىقتىساد ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىرى قىزغىن بولۇشتەك قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت ھالەتلىرى ئەمدى بۈگۈن ئۆزگىرىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىگە قىش پەسلى يېتىپ كېلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ قاپىقىدىن مۇز ياغىدىغان دەۋرگە كىرىپ قالدى.
ياپونىيە، خىتاي يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ قارشى تەرەپنى زىيارەت قىلىش پائالىيەتلىرى توختاپ قالدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ھەمكارلىقمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز ئىزىدا توختاپ قالدى. پرىنسىپال مەسىلىلەردە مۇناسىۋەتلەرنى يىرىكلەشتۈرۈپ ھەر ئىككى دۆلەت كەينىگە چېكىنمەكچى بولدىيۇ، لېكىن چېكىنەلمىدى. گەرچە ياپونىيە، خىتاي دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارا سودىسى

يۇقىرى مىقداردا ئالماشتۇرۇش سەۋىيىسىدە تۇرغان بولسىمۇ، گەرچە ياپونىيە سودىگەرلىرى خىتاي دۆلىتىگە مەبلەغ سېلىشنى داۋاملىق كۆپەيتكەن بولسىمۇ، باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ياپونىيە بىلەن خىتاي دۆلىتىنىڭ سودا – تىجارەت مۇناسىۋەتلىرى ئىلگىرىلىمىدى بەلكى چېكىنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە، خىتاي دۆلىتى مۇناسىۋەتلىرى ئاستا – ئاستا يامانلىشىپ، ئىككى دۆلەت پۇقرالىرى ئارىسىدا مىللەتچىلىك كۈن تەرتىپكە كېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ياپونىيە بىلەن خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىگە ئېتىبار بەرمەكچى بولدى.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى روسىيە فېدىراتسىيىسى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتمەكچى بولدى. روسىيە فېدىراتسىيىسى بىلەن خىتاي دۆلىتىنىڭ يوشۇرۇن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى بىرقانچە يىلدىن بېرى كۆزلىگەن نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. يېقىندا خىتاي تەرەپ بېيجىڭدە «روسىيە يىلى» ئۆتكۈزگەندەك بولدى. يېڭى يىلدا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھارارىتىگە يەنە ھارارەت قوشۇلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. خىتاي روسىيەدىن قورال – ياراغ سېتىۋېلىشنى كۆزلىگەندىن باشقا، نېفىت – ئېنېرگىيە مەنبەئەلىرىنى روسىيەدىن تېپىشنى ئىزدىگەندىن باشقا، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ روسىيە دىپلوماتىيىسىگە ئېتىبار بېرىشىنىڭ تەكتىكە يەنە قانداق سىياسى مەخسەتلەر يوشۇرۇنغاندۇ؟

ھىندىستانلىقلار ئەينى يىللاردا خەلقئارا بېسىمغا بويسۇنۇپ تىبەت مۇساپىرلىرىغا سىياسى پاناھلىق بەرگەندىن باشقا، دادامسىلا ئۆلكىسىدە تىبەت مۇساپىرلىرىغا لاگىر قۇرۇپ بەرگەندىن باشقا، خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدە تىبەت مەسىلىسى بويىچە جاھان جەمئىيىتى خوش بولغۇدەك بىر جۈملە سۆزلەپ قويغىنى يوق – ئۇنداقتا تىبەت مەسىلىسى

نېمىشقا خىتاي بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى مەسىلە بولۇپ قالدى؟

يەنە خىتاي بىلەن روسىيىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىگە كېلەيلۇق. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا كىشىلەرگە ئېيتقىلى، ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان، سىياسى مۇناسىۋەتلەرگە باغلىق يەنە قانداق مەسىلە بار؟

1949 – يىلى 12 – ئاينىڭ 6 – كۈنى ماۋ زېدۇڭ ستالىننىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن موسكۋاغا كەلگەندە مىللى مۇناپىق سەيپىدىن ئەزىزى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن. ماۋ زېدۇڭ بىلەن ستالىن 1950 – يىلى 2 – ئاينىڭ 14 – كۈنى «جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان – قىزىل كىرىمىل 1991 – يىلى ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ، 1992 – يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون»نىڭ سابىق قورچاق رەئىسى تۆمۈر دۇگامەتنى يېتىلەپ، خىتاينىڭ سابىق ۋەزىرى لى پىڭ موسكۋانى زىيارەت قىلدى.

2000 – يىلى 11 – ئاينىڭ 24 – كۈنى روسىيە فېدىراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ ۋەتىنگە قايتقاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم «دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىماقچى بولغان بېيجىڭ ھۆكۈمىتى موسكۋا تەرەپكە ئۇقتۇرۇش قىلىپ: تەيۋەن مەسىلىسى بىلەن تىبەت مەسىلىسىنى «شەرتنامە»گە بىر ماددا قىلىپ كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا، بۇ تەلەپ موسكۋا تەرەپنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان ئىدى.

2002 – يىلى 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى خىتاينىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى، موسكۋانىڭ ۋەزىرى كاشىيانوپ بىلەن شاڭخەيدە ئۇچراشقاندا، بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىپ: روسىيە تەرەپ، تەيۋەن مەسىلىسى، تىبەت مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر مىللى بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش جەھەتتە بېيجىڭنىڭ مەيدانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن .

2002 – يىلى 12 – ئاينىڭ 1 – كۈنى روسىيە فېدىراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن چاقماق تېزلىكىدە بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ

قايتتى. 12 – ئاينىڭ 18 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينىر باشچىلىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكى قەدىمى ئۇيغۇرىستانىنىڭ قەدىمى پايتەختى ئۇرۇمچىنى زىيارەت قىلدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا دوكلاد بەردى.

بۈگۈن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى روسىيىدىن قورال سېتىۋېلىپ خوشامەت قىلىپ، نېفىت، ئېنېرگىيە ئېچىش، بېرىش مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، دىپلوماتىك جىلۋە كۆرسىتىپ روسىيىگە قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى بويىچە روسىيىنى يەنە بىر قېتىم خۇپپىيانە ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئوكراينا رەڭلىك ئىنقىلابىغا روسىيىنىڭ قولى يەتمەي، قىرغىزىستانىنىڭ رەڭلىك ئىنقىلابىغا روسىيىنىڭ قولى يەتمەي، 21 – ئەسىردە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى بويىچە روسىيە تارىخنى ۋاراقلاپ جاھاننىڭ تەلەپلىرىگە ماسلاشماقتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ. دىپلوماتىيە ساھەسىدە روسىيىگە جىلۋە كۆرسىتىپ ئاۋارە بولما خۇ جىنتاۋ «جاناپلىرى!»

**مەدەنىيەت «قىزغىنلىقى» ۋە مەدەنىيەت يوقىتىش ۋەھشىلىكى**

2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

خىتاي دۆلىتىدە مەدەنىيەت ئىشقىۋازلىقى، مەدەنىيەت شەيدالىقى ياكى مەدەنىيەت مەپتۇنلۇقى قوزغالغان ئىمىش. ئون يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى بېشىدىن كەچۈرگەن خىتاي جەمئىيىتى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر پارچە نانغا ئەمدىلا كۆزى تويغان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ مەدەنىيەتكە ئىشقىۋاز بولۇپ قېلىشى، مەدەنىيەتكە مەپتۇن بولۇپ قېلىشى قالتىس گەپقۇ، بۇ؟

مەدەنىيەتكە شەيدا بولۇش قىزغىنلىقى خىتاي جەمئىيىتىدە ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى تەرتىپكە سېلىشقا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات

نشاننى ئۆزگەرتشكە تۇرتكە بولارئىمش. ئۇنڭدىن قالسا كۆپ تەرەپلىك تۇزۇم ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلارئىمش.
ختاي پۇقرالرى قانداق مەدەنيەتكە قانداق شەيدا، يەنە قانداق مەدەنيەتكە يەنە قانداق مەپتۇن بولۇپ قالغاندۇ؟
ئاتالمش «مەدەنيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە ختاي مۇستەملىكچىلرى تۆت كوننى يوقتىش يەنى فېئودالىزىملىق ئۆرپ – ئادەتلەرنى، فېئودالىزىملىق ئىدئولوگيىلىك قالدۇقلىرنى، فېئودالىق ئىجتمائىي – سياسى مۇناسىۋەتلەرنى يوقتىش توغرىسدا ھۆججەتلەر چۈشۈرۈلگەندە ماۋ زېدۇڭنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ كىتابلارنى كۆيدۈرگەن. بۇ خۇددى ناتسىلار پارتيىسى گېرمانىيىدە تەختكە چىققاندا كىتابلارنى كۆيدۈرگەندەك بىر ئىش ئىدى. مەدەنيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشتى. ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىك قىلغان بۇ ئىنقىلاب ختاي جەمئىيىتىدە فېئودالىزمنى يوقاتمىدى. تامامەن ئەكسىچە ختاي جەمئىيىتىدە فېئودال سوتسىيالىزمنى بازارغا سېلىپ، ختاي پۇقرالىرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانى قەدىر – قىممەت تۇيغۇسنى ۋۇجۇدىدىن تارتىۋالدى – ئىنسانى، ئادىمى مۇناسىۋەتلەرنى ئادەملەرنىڭ ئىجتمائىي مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدىن تارتىۋالدى. ئادەمنى ئادەم چاغلىماسلىق، ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىك، ئادەمگە ھايۋانغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش – بۇ كونا شەكىللىك فېئودالىزىم ۋە يېڭى شەكىللىك فېئودال سوتسيالىزىم ئەسلى ماھىيىتى ئىدى.
ختاي مۇستەملىكچىلرى ئىجتمائىي تۇزۇم ئىسلاھاتنى يۈرۈشلەشتۈرۈشتىن ئاۋۋال، مەدەنيەت تۇزۇلمىسى ياكى مەدەنيەت قۇرۇلمىسى ساھەسىدە سىناق ئېلىپ بارماقچى بولدى. شۇڭا «مەدەنيەت مەھسۇلاتلىرنى ئىشلەپچىقىرش» دېگەن ئىبارە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ جەرياندا ختاي مۇستەملىكچىلرى بىر تۈركۈم نەشرىيات – ئاخبارات ئورگانلىرنى تاللىۋېلىپ، ئورگانلار ئىچىدە ئاز – تولا ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، دەسلەپكى قەدەمدە مەدەنيەت مەھسۇلاتلىرى

ئشلەپچقارغۇچى گۇرۇھلارنى تەشكىللىگەن بولدى. بۇ، ئاخبارات – نەشرىيات ئورگانلىرى قانداق شەكىللىك، قانداق مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارماقچى؟ شەخسكە خۇراپىلارچە چوقۇنۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە خۇراپىلارچە چوقۇنۇش، بىر پارتىيە دىكتاتورىسىغا چوقۇنۇش، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى مەدھىلەيدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارماقچىمۇ؟

مەسىلەن، مۇستەملىكىدە ئۇيغۇرىستاندا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نى تەكىتلەيدىغان، «مىللىي باراۋەرلىك»، «مىللىي تەڭلىك»نى تەكىتلەيدىغان، ئەمما، ھوقۇق باراۋەرلىكىنى تەكىتلىمەيدىغان، زوراۋان مىللىي سىياسەتكە ياندىشىدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارماقچىمۇ؟

ختاي جەمئىيىتىدە قوزغالغان «مەدەنىيەت قىزغىنلىقى» ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش قىزغىنلىقى بولۇپ قالدى. 55 يىلدىن بىرى ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قانداق كۈچ چىقاردى دەپ، سوئال قويغاندىن كۆرە، ختاي مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا قانداق كۈچ سەرپ قىلدى دەپ، سوئال قويغان تۇزۇك .

20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىن باشلاپ ختاي مۇستەملىكچىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا دىنىي مەكتەپلەرنى، مەدرىسلەرنى، ۋەقىپلەرنى تاقىۋەتتى. جاي – جايلاردا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىنىي تەبلىغ قىلىش پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى، كېيىنكى چاغلاردا 18 ياشقا توشمىغان باللارنىڭ مەسچىتلەرگە كىرىپ ناماز ئوقۇشىنى چەكلىدى. دىنىي ئۆرپ – ئادەت، دىنىي مۇراسىم سورۇنلىرىنى بىكار قىلدى. دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى ئەقلى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ تەپەككۇر يوللىرىنى چەكلىدى. ھازىرغىچە بىر نەپەر ئۇيغۇر زىيالىي قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىسلام دىنى

ئەخلاق دەستۇرنىڭ پەلسەپۋى ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئەقلى ئۆزلەشتۈرۈشكە پېتىنالمىدى.
ھەممىمىزگە مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ياكى ماركسىزىمچىلار تەكىتلىگەندەك ياكى ماۋ زېدۇڭزىمچىلار تەكىتلىگەندەك سىنىپى كۈرەش بىلەن ئىشقا ئاشمايتتى. بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ھەربىر جەمئىيەت ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشى، ئىجاد قىلىش، ئىخترا قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدىغان تەرەققىيات ئىدى. 55 يىل ئۆتتى، ئۇيغۇر مىللىتى ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسى ساھەسىدە، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە، ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتچىلىقى ساھەسىدە، بارلىق مەنىۋى مەدەنىيەتكە تەئەللۇق ساھەلەردە زادى نېمە، زادى قانداق ئۇتۇقلارنى، زادى قانداق پەلسەپۋى كاتېگورىيىلەرنى ئىجاد قىلالىدى؟
ھەرقانداق مىللەت جەمئىيەتلەشكەن بولىدۇ، جەمئىيەتلىشىش ئادەمنىڭ ۋە ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇنداق ئەھۋالدا بۇ جەمئىيەت ئاندىن مەدەنىيەت، جەمئىيەت، مەرىپەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلى تۇرىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار شۇنداق تەرتىپكە سېلىش، ئىجاد قىلىش، دادىل ئىخترا قىلىش ئاخىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئېرىشەلىگەنمۇ؟
ئۇيغۇرنىڭ تىلى يوقۇلۇشقا يۈزلەندى (خۇدا ساقلىغاي) ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئېتىقادى چەكلەشكە ئۇچرىدى، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتى ھالاكەتكە يۈزلەندى (خۇدا ساقلىغاي). خىتاي جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت قىزغىنلىقى قوزغالغان بولسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش قىزغىنلىقى قوزغىلىشى كېرەك، جۈرئەت قېنى؟ ئۇيغۇر تىلدا سۆزلەيدىغان ئادەملەردىكى جۈرئەت قېنى؟ ئىشىنىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! بىر مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىغا ئېرىشكىچە ھەربىر ئۇيغۇر ئۆزىنى قوغداشنى ئۆزلىرى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم !

**دۇنياۋى خىتاي تەھدىتى ۋە مەھكۇم مىللەتنىڭ تەقدىرى**
2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى كوڭچۈەن 7 – كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ :
ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ «تۆت يىللىق دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئىزلىنىش» ماۋزۇلۇق دوكلادىدا مەخسۇس جۇڭگونى تاللىۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ئېغىۋاگەرچىلىك قىلالىشى مۇمكىن بولغان بىردىنبىر دۆلەت، - دېدى. بۇنداق دېيىش جۇڭگو ھەربىي تەھدىتى نەزەرىيىسىنى كۆپتۈرگەنلىك دەپ، كۆرسەتتى .
ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 3 – كۈنى دوكلاد ئېلان قىلىپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇقى ئامېرىكا بىلەن ھەربىي جەھەتتە رىقابەتلىشەلەيدىغان بىردىنبىر دۆلەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتكەنتى .
خىتاينىڭ باياناتچىسى كوڭچۈەن : بۇ دوكلادتا جۇڭگونىڭ نورمال دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئەيىپلەندى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسىنى كۆپتۈرۈپ، جامائەتنى خاتا يولغا باشلىدى، دېدى.
مەسىلىنىڭ ئەسلى قىياپىتى خىتاينىڭ باياناتچىسى كوڭچۈەن سۆزلەپ ئۆتكەندەكمۇ؟ ھەربىي ئىشلارنىڭ ئىچكى قاتلاملىق پاكىتلىرىدىن تولۇق خەۋىرىمىز بولمىسىمۇ، تۆۋەندىكى پاكىتلارغا نەزەر ئاغدۇرۇڭلار!
2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 23 – كۈنى خىتاينىڭ مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى لەنجۇ ھەربىي رايونىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 9 بەلگىلىك 30 دانە تىك ئۇچار ئايروپىلاننى قەشقەر – ئافغانىستان چېگراسىغا ئەۋەتتى. بۇ ھەرىكەت جۇڭگونىڭ ھەربىي تەھدىتى بولماي نېمە؟

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 31 – كۈنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شتاپ باشلىقى بوچۇەن يۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى قوماندانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، خىتاي «ئازادلىق» ئارمىيىسىنىڭ قەشقەر بىلەن ئافغانىستان چېگراسىغا ئورۇنلاشتۇرغان ھەربىي كۈچىنى كۆزدىن كەچۈردى. تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئۇرۇش مەيدانى ئافغانىستان بىلەن چېگرالىنىدىغان ئۇيغۇرىستانىنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىگە، خىتاي دۆلىتى ھەربىي قوماندانلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بۇ ھەربىي تەھدىت بولماي نېمە، جۇڭگو تەھدىتى بولماي يەنە نېمە؟!
2003 – يىلى 8 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ھېسابلانمايدىغان روسىيە فېدېراتسىيىسى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ھېسابلانمايدىغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، تاجىك دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندا بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. بۇ ئىش ئۇيغۇرلارغا، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە ھەيۋە كۆرسەتكەنلىك، ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقىقا ھەربىي تەھدىت پەيدا قىلغانلىق بولماي نېمە؟
2003 – يىلى 10 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تاشقى مۇڭغۇلىيىدە «خان 3 - » بەلگىلىك بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەندە، خىتاينىڭ شىنخۇاشى ئاگېنتلىقى بۇ ھەربىي مانېۋىرغا، خىتاي ھەربىي تەرەپىنىڭ چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، بۇ ئىش جۇڭگو تەھدىتى، جۇڭگونىڭ ھەربىي تەھدىتى بولماي نېمە؟
ھازىرغىچە خىتاينىڭ «ئازادلىق» ئارمىيىسى فۇجيەن ئالدىنقى سېپىگە 400 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا مۇساپىلىق راكېتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەيۋەن بوغىزىنى ۋە تەيۋەن ئارىلىنى ھەربىي نىشانغا ئالدى. 2001 – يىلدىن كېيىن خىتاينىڭ «ئازادلىق» ئارمىيىسى ئاتالمىش «شىنجاڭ » ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايوندا ختاي ئازادلىق ئارمىيسىنىڭ راكېتا ھەربىي بازىسىنى قۇردى.
2003 – يىلى 6 – ئاينىڭ 26 – كۈنى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، مۇستەملىكىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ ختاي گوبېرناتورى ۋاڭ لې چۈەن قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدە سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ، ئۈرۈمچىدە كوچا – كوچىلاردا، مەكتەپ، ئىدارە – زاۋۇتلاردا «خەلق ئەسكەرلىرى» تەشكىللەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جۇڭگو تەھدىتى ۋە جۇڭگونىڭ ھەربىي تەھدىتى بولماي نېمە؟
بىر دۆلەتنىڭ تاشقى سىياستى شۇ دۆلەت ئىچكى سىياستىنىڭ داۋامىدۇر. ياكى ئىچكى سىياسەت تاشقى سىياسەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ختاينىڭ ئىچكى سىياستى زوراۋانلىق قانۇنىنىڭ سىرتىدىكى، ئەخلاقنىڭ سىرتىدىكى سىياسى زوراۋانلىق، مىللەتچىلىك زوراۋانلىق دېسەك بىزگە كىم قارشى تۇرىدۇ؟

**تىبەت بىلەن بېيجىڭنىڭ سۆھبىتى**

2006 – يىلى 2 - ئاينىڭ 12 – كۈنى

دالاي لامانىڭ سەرگەردان بولۇپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنىگە تەخمىنەن 46 يىل بولدى. 46 يىلدىن بېرى بۇ ھۆرمەتلىك سىياسى ئەرباب، دىنى ئەرباب دالاي لاما تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئىچكى – تاشقى سىياسى بېسىملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، تىبەت خەلقىنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق خەلقئارا سەپتە ھارماي – تالماي كۈرەش قىلدى. ئەنگلىيە رادىئو – تېلېۋىزيە شىركىتىنىڭ تور بېتىدە 2 – ئاينىڭ 11 – كۈنى تىبەتنىڭ روھانى داھىسى دالاي لاما، جۇڭگو دائىرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى، تىبەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى

ئۆزى بەلگىلىشىگە ئالاقىدار بەشىنچى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ پات – ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى دەپ، كۆرسىتىلدى .
مەن بۇ ماقالەمدە، تىبەت بىلەن خىتاينىڭ بۇرۇنقى ئۇچرىشىشلىرى ۋە سىياسى سۆھبەتلىرىگە ئالاقىدار ۋە قەلەم توغرىسىدا توختىلىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، 2002 ـ
يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە جۇڭگو دائىرلىرى بىلەن دالاي لامانىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سىياسى سۆھبەتكە ۋە باشقا مەسىلىلەرەە ئالاقىدار سەزگۈر مەسىلىلەر ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتىمەن .
2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 31 – كۈنى دالاي لاما ئاۋستىرالىيە رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: 1993 – يىلىدىن كېيىن مېنىڭ ۋەكىللىرىم جۇڭگونىڭ ئالاقىدار تەرەپلىرى بىلەن رەسمى ئۇچراشمىدى. تىبەت ۋەكىللىرى 1998 – يىلى جۇڭگونىڭ يېرىم – ياتە ئالاقىدار تەرەپلىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئاندىن بەزى سودىگەرلەر ۋە جۇڭگو زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچراشقان ئىدى دەپ، كۆرسەتتى .
دالاي لاما: جۇڭگو قۇرۇقلۇقى ئۆزگەرمەكتە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزگەرمەكتە، دېگەن ئىدى.
ئۇ يەنە: ئەگەر تىبەتنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولىدىكەن، جۇڭگو رەھبەرلىرى تىبەت مەسىلىسىگە جىددى قاراشقا ماقۇل بولىدىكەن، مەن تىبەتكە قايتىپ كېتىمەن، دېگەن ئىدى.
2002 – يىلى 6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى دالاي لامانىڭ ئاكىسى لورى گىرەي ئەپەندى شياڭگاڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ، تىبەت، چىڭخەي، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى زىيارەت قىلدى.
2002 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى قارار لايىھە ماقۇللاپ، بالا جىنايەتچى بەنچەن لامانى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى .

2002 – يىلى 7 – ئاينىڭ باشلىرىدا لورى گېرەي بېيجىڭدە ۋاڭ جاۋگو بىلەن كۆرۈشكەندە، جياڭ زېمىننىڭ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى.
2002 – يىلى 9 – ئاينىڭ 9 – كۈنى دالاي لامانىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. ۋەكىللەرنىڭ بېيجىڭغا كېلىشى رەسمى زىيارەت دەپ، ئاتالدى. شۇ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلىپ : مەمنۇن بولغانلىقىنى، بۇنداق ئۇچرىشىشنىڭ تىبەتنى تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى .
ئىككىنچى قېتىم 2002 – يىلى 9 – ئايدا دالاي لاماغا ۋەكىل بولۇپ بېيجىڭغا كەلگەن دالاي لامانىڭ ئۇكىسى لورى گېرەي، گېساڭ جيەنزەن ئىككى نەپەر ۋەكىل لىخاسا، تىبەتنىڭ باشقا جايلىرى ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلارنى 16 كۈن زىيارەت قىلىپ 28 – كۈنى زىيارەت ۋە سىياسى سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى دالاي لاماغا دوكلاد قىلدى.
2002 – يىلى 10 – ئاينىڭ 29 – كۈنى سىياسى ئەربابلار: بېيجىڭ بۇ يىل كۆپ خەيرىخاھلىق كۆرسەتتى، بىرنەچە يىللاردىن بۇيان چىرمىلىپ تۇرغان تىبەت مەسىلىسى تۆتىنچى ئەۋلاد خىتاي رەھبەرلىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ھەل بولۇشقا ئۈمىد تۇغۇلدى دېيىشكەنتى.
2003 – يىلى 4 – ئاينىڭ 8 – كۈنى تىبەتنىڭ داھىسى دالاي لاما دادامسالادا: كەلگۈسى ئىككى ھەپتە ئىچىدە تىبەت ۋەكىللىرىنىڭ بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىنى، تىبەت خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنتى .
2003 – يىلى 5 – ئاينىڭ 16 – كۈنى پرېزىدېنت بوش: تىبەت تەرەپ بىلەن جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئەمەلىي سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى، تىبەت مەسىلىسى ھەل بولمايدىكەن، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ سىياسى، ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلىرىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ دەپ، كۆرسەتتى .

2003 – يىلى 5 – ئاينىڭ 25 – كۈنى دالاي لاما ئالاھىدە ئەلچىسى لورى گېرەي ۋە گېساڭ، جيەنساڭ قاتارلىقلارنى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، بۇ قېتىمقى زىيارەت تىبەت مەسىلىسىنى سۆھبەت بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنلىرىنى ھەل قىلىشى لازىم دەپ، كۆرسەتتى .

2003 – يىلى 6 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ھۆرمەتلىك ئەرباب دالاي لامانىڭ باياناتچىسى: دالاي لامانىڭ ئالاھىدە ئەلچىلىرى جۇڭگونىڭ نوپۇزلۇق ئەرباblىرى بىلەن قايتا – قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ تىبەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلىرىنى ئېنىقلاشقا ئۆزئارا ھەمكارلاشتى دەپ، كۆرسەتتى .

2005 – يىلى 6 – ئاينىڭ 2 – كۈنى تىبەت ۋەكىللىرى بىلەن جۇڭگو ۋەكىللىرىنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق سىياسى سۆھبىتى شۋىتسارىيىنىڭ بېرىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت تۈنجى قېتىم باشقا بىر دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلگەچكە سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە سۆھبەت بولۇپ قالدى.

خۇ جىنتاۋ ئەپەندى! دالاي لاما لىخاساغا قايتىدىغان ۋاقىت پىشىپ يېتىلدى. خىتاي جەمئىيىتىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى، باشقىلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ۋەتەنىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرىنى سىياسى مۇساپىرلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى جاھاننىڭ ئەقلى ۋە جاھاننىڭ تەرتىپلىرى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئىنساننىڭ ئەقەللى ئادالەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاق – پەزىلەتلىك ئىنسان ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. تىبەت مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ئاقىلانە ھەل قىلىنىشىنى قارشى ئالىمىز. دالاي لامانىڭ لىخاساغا، تىبەتكە قايتىپ بېرىپ ۋەتەنداشلىرى بىلەن دەقەمتە بولۇشىنى ۋە ئەركىن دېموكراتىك بىر تىبەت قۇرۇپ چىقىشنى قارشى ئالىمىز.

## ۋاڭ دارىن نېمە دەيدۇ؟
2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

«تەڭرىتاغ تور بېتى» دە، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ خىتاي گوبېرناتورى ۋاڭ دارىننىڭ ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدا، يەلپۈگۈچنى بۇتساتىۋادەك ئوينۇتۇپ تۇرۇپ سۆزلىگەن سۆزلىرى ئېلان قىلىندى.
ۋاڭ دارىنچە بولغاندا (1) ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى باسقۇچنى چىڭ تۇتۇپ خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىمىش؛ (2) ئۇيغۇر نارسىدىلەر مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا خىتاي تىلى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپەيتىش كېرەك ئىمىش؛ (3) خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقى 100 يىللىق پىلاننى قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە قارىماي ھەل قىلىش كېرەك ئىمىش.
تارىختا، مانجۇلارنىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىپ 20 – ئەسىرنىڭ 10 – 20 – يىللىرىدا ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ زىڭ شىن، جىن شۇرىن دېگەنلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن پەننى مائارىپنى، دىنى مائارىپنى تارتىۋالغان ئىدى. ياڭ ۋە جىن قاتارلىق مىللەتچىلارنىڭ تەخت ۋارىسى شىڭ شىسەي، خوجايىنى سىياسى لۈكچەك ستالىننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسلىنىپ، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا سىنىپى كۈرەشنى سىياسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرنىڭ چارۋىدارلىرىنى، ئۇيغۇرنىڭ بايلىرىنى ئۆلتۈرۈپ مال – بىسات، بايلىقنى بۇلىۋالغان ئىدى.
خىتاينىڭ قىزىل پاچاق پارتىيىسى ئۇيغۇرىستانغا مىللى ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۈندىن باشلاپ، ئاۋۋالقى ۋاڭ دارىن ۋە بۈگۈنكى ۋاڭ دارىنلار گۇرۇھى ئۇيغۇرىستاننىڭ يەر ئاستى – يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى بۇلاپ – تالىغاندىن باشقا، ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ مال بىساتىنى، ئۆي – ماكانىنى مۇسادىرە قىلغاندىن باشقا، ئۇيغۇرنىڭ مىللىمائارىپىنى خىتاينىڭ مۇستەملىككە مائارىپىغا ئايلاندۇرغاندىن باشقا ئەمدى بۈگۈن ۋاڭ دارىن

يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى، ئۇيغۇرنىڭ زىكرىدىن، ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلىنى ئۇيغۇرنىڭ تەلەپپۇزىدىن تارتىۋالماقچى، بەلكى ھەربىر ئۇيغۇرنى خىيەن تىلىدا، گۇاڭدۇڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان خىتايلارغا ئايلاندۇرماقچى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى ئاسسىملاتسىيە قىلىشنى تېزلەشتۈرمەكچى بولدى.

ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىشنى قارار قىلدى. (1) ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادىنى يوقاتماقچى بولدى؛ (2) ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى يوقاتماقچى بولدى؛ (3) ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقاتماقچى بولدى؛ (4) ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرلارنى ئىقتىسادى جەھەتتە گادايلاشتۇرماقچى بەلكى شۇنداق قىلىش ئارقىلىق يۇقىرىقى مەخسەتلەرگە يەتمەكچى بولدى؛ (5) ۋاڭ دارىن پىلانلىق تۇغۇت ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك تازىلاشنى جىددىيلەشتۈرمەكچى بولدى؛ (6) ۋاڭ دارىن ئۇيغۇرىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇرىستاندا ئومۇمى خەلق بىلەت تاشلاشقا توغرا كەلسە، كۆچمەن خىتايلارنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىپ ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە قارشى تاشلىنىدىغان بىلەتنىڭ سانىنى ئاشۇرماقچى بولدى. ئەينى چاغدا لىن دەييۇ قىزىل راۋاقتا چۈش كۆرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ۋاڭ دارىن ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قىزىل گىلەم ئۈستىدە يۇقىرىقىدەك ئۇخلىماي چۈش كۆرمەكتە .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن يوقۇتۇپ، خىتاي تىلىدا سۆزلەيدىغان مىللەتكە ئايلاندۇرۇش، بۇ خىيال، ۋاڭ دارىننىڭ «100 يىللىق» پىلانى ئىكەن. توۋا دەيمەن، ھەرقانداق خىتاي «100 يىللىق پىلان»، «50 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ»، «يەنە 20 يىلدا ئامېرىكىنى قوغلاپ يېتىۋالىمىز» دېيىشىدىكەن. بۇ دىنىسىزلىقنىڭ ئالامىتى ۋە سۆز – ئىبارە كاساپىتى بولماي نېمە؟ تەبىئەت بىر ئۆمۈر ئۈچۈن جانابى ۋاڭ دارىنغا قانچىلىك ۋاقىت بەرگەندۇ، خىتاي

ئمپېراتورلىقى يىمرىلمەيدۇ، دەپ خۇدا جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرىگە ۋەدە بەرگەنمىدۇ؟

ۋاڭ دارىن دىققەت ! تەبىئەتتىكى كۆللىھۇم ماددىيەتنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى توقۇنۇشلىرىنى پەيدا قىلغۇچى زىددىيەتلەردىن ھاسىل بولىدىغان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى تارىخ يەنى تارىخ بولغاندىن بېرى ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق پارتىيە، ھەرقانداق پادىشاھ، ھەرقانداق ئىمپېرىيە ھەتتا ھەرقانداق قۇدرەتلىك ئارمىيمۇ ئۆزگەرتەلىگەن ئەمەس. كونترول قىلالىغان ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان شۇنداق زىددىيەتلىك ھادىسىلەرنى ھەم ھەرقانداق قۇدرەتلىك كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قانۇنىيىتىدۇر.

رومانوپلار ئائىلىسىنىڭ روسىيىدە لىن – ستالىنغا ھاكىمىيەتنى بوشۇتۇپ بېرىشى، لىن – ستالىن ئەۋلادىنىڭ ھاكىمىيەتنى گورباچۇغا بوشۇتۇپ بېرىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنى مۇستەملىكىكە زەنجىردىن قويۇپ بېرىشى بۇ، جۇڭنەنخەيگە دەرس ئۆتكەن تۈنۈگۈنكى دۇنيانىڭ تارىخىدۇر.

ۋاڭ دارىن جانابلىرى! خىتايچە كۆرەڭلىكمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، ئاجىزلىق ۋە كۈچلۈكلۈكمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، باياشاتلىق، گادايلىقمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، ھوقۇقسىزلىق، ھوقۇقدارلىقمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، غېرىبلىق – ناتىۋانلىقمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، مەزلۇملۇق – مەھكۇملۇقمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، ھاكىملىق، ھاكىم مۇتلەقلىقمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ. شۇڭا ئېنىقكى، ۋاڭ دارىن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى مۇتلەق ئالمىشىدۇ.

2 – ئاينىڭ 8 – كۈنى «دۇنيا گېزىتى» مۇنداق خەۋەر قىلدى: ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى: جۇڭگو رەھبەرلىرى دۈچ كەلگەن بەلكى كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان جەمئىيەت، مۇھىت، ئىشسىزلىق، ئېنېرگىيە كرىزىسىگە ئالاقىدار خىتاينىڭ ئىچكى سىياسەتلىرىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، شۇڭا

جۇڭگو رەھبەرلىرى سىياسى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ ياردەملىشىشىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

**ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئۇرۇشۇپ قالامدۇ؟**
2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

2 – دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ ئۆتكەن. ياپونىيە ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، جۇڭگودا تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنسىرەشلىرى شۇ ۋاقىتتىن تاكى ھازىرغىچە بىر دەقىقە توختاپ قالغىنى يوق. گەرچە ياپونىيە تىنچلىق سىياسىتىنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ.
«دۇنيا گېزىتى»نىڭ 2 – ئاينىڭ 16 – كۈندىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە ئامېرىكىدا چاقىرىلغان، ياپونىيە، جۇڭگو مۇناسىۋىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇتەخەسسىسلەر جىددى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: «ئاسىيادىكى ئىككى چوڭ دۆلەت – ياپونىيە، جۇڭگو بىر مەيدان يوشۇرۇن ھەربىي توقۇنۇش كىرىزىسىگە، ھەتتا تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتىدىن ھالقىپ ئامېرىكىنىمۇ ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش ئېھتىمالى بولغان كىرىزىسكە دۇچ كەلدى» دەپ كۆرسەتتى.
قارىغاندا مۇشۇ كۈنلەردە ياپونىيە – جۇڭگو دۆلەت باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك بېرىش – كېلىشلەردىمۇ ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى.
توكيو بىلەن بېيجىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ۋەزىيەتنىڭ بۇ دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كېتىشىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى دەرىجىلىك سۆھبەتمۇ ھازىرغىچە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ قالمىغان ئىدى. بىراق، سۆھبەت ئىككى تەرەپنىڭ

مەخسىتنى ئۆزئارا چۈشەنگەن سۆھبەت بولۇپ قېلىپ نېگىزلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.
بەزىلەر: ئىككى چوڭ ئاسىيا دۆلىتى جۇملىدىن تارىختا جۇڭگو ياپونىيىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن، ھېچقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا باراۋەر مۇناسىۋەت بولۇپ باققان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئوخشاش دەرىجىلىك رىقابەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا ئىككى دۆلەتنىڭ بىر مەزگىللىك سۈركۈلۈش دەۋرى بولۇشى كېرەك، دېيىشتى .
يەنە بەزىلەر ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى كۇزۇمى دەۋرىدە ياپونىيىلىكلەر ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشنىڭ تارىخى كۆلەڭگۈسىدىن ھالقىپ چىقىپ ياپونىيىنىڭ دۇنياۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنى تىكلەندى. خۇ جىنتاۋ دەۋرىدە جۇڭگو «باش كۆتۈرۈپ ئاسىيا «ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» بولماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ ياپونىيە بىلەن جۇڭگو بىر – بىرىگە تىكىلىپ قېلىپ ھەر ئىككى تەرەپ بىر – بىرىگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇشتى، دېيىشتى .
يۇقىرىقى پىكىرلەر دەرۋەقە دۇرۇس ئىدى. لېكىن ئەڭ ئاساسلىقى ياپونىيە ئامېرىكا مۇناسىۋىتى، ئامېرىكا جۇڭگو مۇناسىۋىتى، جۇڭگو، ياپونىيە مۇناسىۋىتى بىر – بىرىگە تۇيۇتىن ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەر بولۇپ، ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىمۇ، تەيۋەن مەسىلىسى، شىمالىي ئاسىيادىكى مەسىلىلەر ۋە زېمىن تالاش – تارتىشى، ئېنېرگىيە مەنبەئەلىرى تالاش – تارتىشى قاتارلىق نازۇك مەسىلىلەرنىڭ سىناقلىرىغا دۇچ كېلەتتى .
ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى خىتايدا ياپونىيىگە قارشى ئەسەبى مىللەتچىلىك قوزغالدى. 80% جۇڭگولۇق «يېڭىچە ۋەتەنپەرۋەرلەر» گە ئايلىنىپ قالدى. ياپونىيىدە 70% ياپونىيىلىكنىڭ خىتايغا قارشى كەيپىياتى ئۆرلەشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو، ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن زىددىيەتلەرنىڭ كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر يۈز

بىرىش ئېھتىمالى بولغان تەرەپلەرگە قاراپ تەرەققى قىلىشىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەنسىرەشلىرى ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك .

**تاپاۋەت پەرقى ۋە تەخسىمات كىرىزىسى**

2006 – يىلى 2 - ئاينىڭ 18 – كۈنى

خىتاي دۆلىتى 1980 – يىللاردا ئىقتىسادى ئىسلاھات سىياسىتىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا ئاۋۋال ئىشنى يېزىلاردىن باشلىغان. ئېتىز – ئېرىق يەرلەرنى دېھقانلارغا كۆتۈرە بېرىپ، خىتاي دېھقانلىرىنى جۈملىدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. 30 يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتسەك كۈلكىلىك بىر ھادىسە ئېسىمىزگە كېلىدۇ.

1951 – يىلى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمىتى «ئىجارە كېمەيتىش» سىياسى ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئۇيغۇر يەر ئىگىلىرىنى پومىشچىك، باي دېھقان تەركىبلىرىگە ئايرىپ باستۇرغان. ئىجارىكەش دېھقانلارنى يەردىن، سۇدىن ئايرىۋېتىپ، كوپراتىپنىڭ يالاڭتۆش قولللىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئەمگەكنىڭ يالللانمىلىق خاراكتېرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى، يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىش ۋە ئىجارىگە بېرىش ئىش تەرتىپلىرىنى قىسقىسى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئىقتىساد ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە ئىقتىسادى جەھەتتە زەربە بېرىشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى.

1986 – يىللاردىن باشلاپ كوللېكتىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرى ئاتاپ يۈرگەن «كوللېكتىپ» دېگەن ئىسمىنى ساقلاپ قېلىپ مەزمۇننى ۋە ئىگىلىك شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەمدى بۈگۈن خىتاي كۆچمەنلىرى

هاكىمىيىتى ئىجارىگە بەرگۈچى، ئۇيغۇر خەلقى بولسا، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئىجارەكەش دېھقانلارغا، ياللانما دېھقانلارغا ئايلىنىپ قالدى.
ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئاساسلىقى يېزىلاردا «پىلانلىق ئىقتىسادى ئىگىلىك» دەيدىغان ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كەلگەن. پىلان ئىچىدە تېرىقچىلىق قىلىش، پىلان ئىچىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، پىلان ئىچىدە دۆلەتكە تاپشۇرۇش، پىلان ئىچىدە باھا قويۇپ سېتىش قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى پىلان ئىچىدە يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى يېزىلاردا 30 يىل قاقتى – سوقتى قىلغان ئىدى. ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كېيىن «پىلانلىق ئىقتىسادى ئىگىلىك» ئىچكىرى ختايدا بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ختاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرستاندا «پىلانلىق ئىقتىسادى ئىگىلىك» ھەرگىز بىكار قىلىنغىنى يوق .
شىمالىي ئۇيغۇرستاندا ختاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىشقا زورلىدى. جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ختاي مۇستەملىكچىلىرى كېۋەز تېرىپ پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا زورلىدى. خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى پىلە بېقىپ يىپەك ئىشلەپچىقىرىشقا زورلىدى. بازار، بازار ئىگىلىكى، ئەركىن بازار ئىگىلىكى، بازارغا قاتنىشىش، بازارنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ باھا قويۇش ئەركىنلىكىدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرى 60 يىلدىن بېرى ھېچقاچان بەھرىمەن بولالمىدى .
ھوقۇقسىزلىق ئۇيغۇرلارنى شۇنداق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدىكى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزلىرى باھا قويۇپ ساتالماي ختاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى باھا قويۇپ سېتىۋالدى. بىر كىلوگرام پاختا قانچە پۇل بولىدۇ؟ ختاي كۆچمەنلىرى باھا قويۇپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قولىدىن سېتىۋالدى،

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى خالىسا باھانى ئۆستۈردى، خالىمىسا باھانى چۈشۈردى. خەلقئارا بازاردا پاختىغا ئېھتىياج تۆۋەنلىگەندە، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا نەخ پۇل بېرىپ پاختىنى سېتىۋالدى، پاختا خەلقئارا بازاردا كاساتلاشقاندا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا نەخ پۇل بېرىپ پاختىنى سېتىۋېلىشنىڭ ئورنىغا ئاق ھۆججەت يېزىپ بەردى. ھەتتا پاختىنىڭ بىرلىك باھاسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بۇ يىل ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن پاختىنىڭ نەملىك تەركىبى ئېشىپ كېتىپتۇ. بۇ يىل ھاۋا قۇرغاق بولغانلىقتىن پاختىنىڭ شېكەر تەركىبى ئېشىپ كېتىپتۇ... ۋەھاكازا دېدى. پاختىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋالدى. بۇنداق چاغدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى بېشىنى يەرگە سېلىپ سۈكۈت قىلدى. ھوقۇقسىزلىق، گادايلىق – نامراتلىق، ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى ياراتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرى تەكرارلاپ تۇرغىنىمىزدەك ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىك قەدىر – قىممىتىنى يارىتالمىدى.

نۆۋەتتە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى يېزىلار بىلەن شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم – تاپاۋەت پەرقىنى، رايونلار بىلەن ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم – تاپاۋەت پەرقىنى ئېتىراپ قىلدى. كىرىم – تاپاۋەت پەرقىنى قانداق ئامىللار پەيدا قىلدى؟ ئىقتىساد ساھەسىدە تۈزۈم خاراكتېرلىك ئامىل – دۆلەت دائىرلىك مونوپولىيىلىك سىياسەت يۇقىرى تاپاۋەتتىن كېلىدىغان كىرىمنى، پايدىنى مونوپولىيە قىلىۋالدى. ئىككىنچى چوڭ ئامىل ھوقۇق ئاملى مىللى دارامەتنى تەخسىملەشنى مونوپولىيە قىلىۋالغاندىن باشقا، ھوقۇق ئاملى ھەتتا تىجارەت خاراكتېرلىك پايدا كېلىدىغان مەنبەئەلىرىنىمۇ مونوپولىيە قىلىۋالدى.

خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى قانداق بولدى؟ «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ پاكىتلىرىغا قارايلۇق.

1996 – يىلى چاقىلىق ناھىيىسى دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 1212 يۈەن بولدى، دېيىلدى. 2004 – يىلى قارىقاش ناھىيىسىدە دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 804 يۈەن 52 فۇڭ بولدى، دېيىلدى. قارىقاش ناھىيىسىدە شەھەرلەردە يەنى ناھىيە بازار ئىچىدە ياشايدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 15094 يۈەن بولدى، دېيىلدى. ناھىيە شەھەرلەردە كىم ياشايدۇ، ھوقۇقدار خىتايلار ياشايدۇ، دېسەڭلەرچۇ؟ كىرىم ۋە تاپاۋەت پەرقىنى كۆرۈپ يەتتىڭلارمۇ ۋەتەنداشلىرىم!

نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇخلا ئۇيغۇرۇم دېگۈلۈك!

ئەللەي، ئەللەي، ئەللەي قوزام ئۇيغۇرۇم ئۇخلا! «جەننەت پاراغىتى» بىلەن ئۇخلا، زامان «شاپاغىتى» بىلەن ئۇخلا! جاھانغا، خىتايغا نېمە ئۇچۇن، زادى نېمە ئۇچۇن دەپ سوئال قويماي ئۇخلا ئۇيغۇرۇم ئۇخلا !

**قانداق كۆزىتىشلەر بۇ؟**

2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

يېقىندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 3 – سانىدا خې شىن ئەپەندىنىڭ «يەر شارى ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ھەققىدە يېڭى كۆزىتىشلەر» ماۋزۇلۇق كىتابىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ۋاقىت جەدۋىلى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقتىم.

خې شىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «پۈتكۈل دۇنياغا مەلۇمكى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىشى، رايون ئىستراتېگىيىسىدىن ئېيتقاندا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سىياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ زەربە بېرىش نىشانى شەرقىي ئاسىيادىكى بۇددا دىنى رايونلىرى بولۇپمۇ كورىيە ۋە جۇڭگو بولىدۇ... ۋەھاكازا .

ختاينىڭ ئىستراتېگىيە نەزەرىيىسى خې شىن 1995 – يىلى سان فرانسىسكو شەھرى ئېچىلغان يىغىن توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «1995 – يىلى 9 – ئاينىڭ 27 – كۈندىن 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنىگىچە ئامېرىكا پۇل چىقىرىپ، «گورباچىپ فوندى جەمئىيىتى» كىچىك جورجى بوش، تونى بىلايىر، ساچىرخانىم، بېرىزىنىسكى، بىل گەيتىس قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر بولغان 500 نەپەر مۇھىم سىياسئون بىر يەرگە جەم بولۇپ مېھمانخانىدا يۇقىرى قاتلاملىق يۇمۇلاق ئۈستەل يىغىنى چاقىردى»

خې شىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: يىغىندا قاتناشقان سەرخىللارنىڭ قارىشىچە ئىنسانىيەتنىڭ 80% نوپۇسى، ئەخلەت نوپۇسقا تەۋە بولۇپ ئۇلارنى سۈت بېرىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، دېدى.

«200 يىل مابەينىدە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سەرخىللىرى ئۈچ خىل پەلسەپۋى ئىدىيىنىڭ تەسىرگە ئۇچراپ كەلگەن .

1. مالتوسىزىم: يەر شارىدىكى بايلىق ۋە مۇھىت كۆنسايىن كۆپىيىۋاتقان نوپۇسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ قارايدۇ.

2. ئىنسانىيەتكە تەدبىقلانغان دارۋىنىزىم: بۇ ئىزىم كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ.

3 . گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ نىتىزنىڭ پەلسەپۋى ئىدىيىسى: «ئالاھىدە ئادەملەر ھايۋانلار توپىغا، سۈپەتسىز ئېرىقلارغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان سەرخىلىزىم : بۇ ئىدىيىلەر ئامېرىكا ئىنسانىيەتكە تەدبىق قىلىدىغان پەلسەپۋى ئىدىيىلەردۇر. شۇڭا دەيدۇ خې شىن ئەپەندى: چوقۇم ئۇرۇش ۋە ۋابا، خىمىيىلىك قوراللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك، خې شىنچە بولغاندا بۇ كۆز قاراشلار ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ كۆزقاراشلىرى بولسا كېرەك .

ئۆزنىڭ سىياسى مەيداننى ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ سىياسى مەيدانى ئورنىدا كۆرستىپ پىكىر قىلغان خې شىن ئەپەندى، «ئاشۇ ھايۋانلار توپى»نى يوق قىلىۋېتىش ۋە شاللىۋېتىش كېرەك دېگەن جۈملىنى

ئامېرىكا، ئەنگلىيە دېگەن ئىسمغا مەنداش قىلىپ قويىدۇ. ئېرسىيەت، گېن قورالى تېخنىكىسى ۋە خىمىيلىك قوراللار تېخنىكىسى ئوبىيېكتىپ جەھەتتىن بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلىدى، دەيدۇ. خېي شىن جانابلىرى!

كىم، كىمنى يوقاتماقچى؟ ئاتالمىش «ئەخلەت نوپۇس»نى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى يوقاتماقچىمۇ ياكى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ نەزىرىدە «ئەخلەت نوپۇس» دەپ، قارىلىپ، سانىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، تىبەت، مۇڭغۇللارنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى يوقاتماقچىمۇ؟

قىزىل كىرمىل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بۇ سىنىپنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ بۇ دۆلەتتە ئىچكى خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق بەرپا قىلدى. سومالىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ بۇ دۆلەتتە ئىچكى خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق بەرپا قىلدى، كوسوۋۇۋنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ، مىلوشىۋىچنىڭ ئېتنىك تازىلاش سىياسىتىنى ۋە مۇسۇلمان كوسوۋۇۋلۇققا قاراتقان ھەربىي ھەرىكىتىنى تارمار قىلىپ، بۇ دۆلەتتە تىنچلىق ۋە ئىچكى خاتىرجەملىك ئورناتتى .

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھىندىنوزىيىنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشىگە ئارىلىشىپ شەرقىي تىمۇرنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشىغا خەلقئارا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئافغانىستاندا تېررورىستلارنى تامامەن يوقىتىپ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشكە، سايلامغا قاتنىشىپ ئاۋاز بېرىشكە دېموكراتىك شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىراق ئاياللىرى قولىنى قارا سىياغا چىلاپ سايلام بېلىتىگە ئىمزا قويىدى .

خوش خېي شىن جانابلىرى! ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئاتالمىش 80% ئەخلەت نوپۇسنى تازىلىماقچى، شاللىماقچى بولغان بولسا، ھېچقانداق كۈچ چىقارمايلا يۇقىرىقى دۆلەتلەر پۇقرالىرىنى ئۆز مەيلىمە، ئىچكى ئۇرۇش قىلىش مەيلىگە قويىۋەتكەن بولسا، ئىش تامام، ۋەسسالام بولاتتىغۇ؟ «ئەخلەت نوپۇسلار» ئۆزىنى – ئۆزى قىرىپ تۈگەتكەن بولاتتىغۇ؟ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق

ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئەلا» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشىنىڭ ۋە شۇ ئاساستا تاشقى سىياسەت بەلگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايتتىغۇ؟

ئىش ھەرگىز خېيشىن ئەپەندى ئويلىغاندەك ئىش ئەمەس ئىدى. تامام ئەكسىچە خېيشىن ئەپەندى بۇ يەردە ئامېرىكا دېگەن ئىسمىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئە قىلىپ كۆرسىتىپ، جۇڭگونىخەينىڭ بەگلىرىگە ئۇيغۇرلارنى، تىبەتلەرنى باستۇرۇش، شاللىۋېتىش توغرىسىدا نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەردى.

ئەنگلىيىلىك ئىقتىسادشۇناس مالتوس (1834 – 1766) يىللىرى «ئاھالە نەزەرىيىسى» ماۋزۇلۇق كىتابىنى ئېلان (نەشر) قىلىپ: ئاھالە گېئومېترىك پروگرىسىيە بويىچە كۆپىيىدۇ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ماتېماتىك پىروگرىسىيە بويىچە كۆپىيىدۇ. شۇڭا ۋابا كېسەللىرى ۋە ئاچارچىلىق ئارقىلىق ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەش لازىم» دېگەن .

ئەنگلىيىلىك بىئولوگ دارۋىن (1882 – 1809) – يىللاردا بىئولوگىيىلىك مەۋجۇداتلار تەبئىي مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىدا، ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ، ماسلاشقانلار مەۋجۇت بولىدۇ، ماسلاشمىغانلار ھالاك بولىدۇ» دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ نېتزى: (1900 – 1844) يىللاردا ياشىغان. بۇ كىشى: «تەدرىجى تەرەققىيات ھوقۇق ئىرادىسى – ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان جەريان، قۇدرەتلىك كۈچ، مەغرۇرلۇق، باتۇرلۇق، كۈرەشچانلىق ھەقىقى ئادەمنىڭ بەلگىسى، ھوقۇقنى قوغلاشقان شەخسنىڭ ئىرادىسى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى بەلگىلىگەن، دەپ كۆرسەتكەن .

بۈگۈنچۇ؟ جۇڭگونىخەينىڭ بەگلىرى مالتوسىزىمنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىغا تەدبىقلاپ، پىلانلىق تۇغۇت، ئەيدىز كېسىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەپ، ئېتنىك تازىلاش سىياسىتىنى يولغا قويدى . جۇڭگونىخەينىڭ بەگلىرى ئىجتىمائىي دارۋىنىزىمنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىغا تەدبىقلاپ، ئۇيغۇرنىڭ تىلى، مائارىپ –

مەدەنىيىتىنى رىقابەت كۈچىدىن ئايرىۋېتىپ ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى يوقاتماقچى بولدى.
جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى، خىتاي مىللەتچىلىرى نېزى پەلسەپىسىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىغا تەدبىقلاپ، خىتاي مىللىتىنىڭ «ئىرادىسى»نى ھوقۇق ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ ۋە بۇنى يالغاچ مىللەتچىلىك، يالغاچ ھوقۇق، يالغاچ مىللى شاۋنىزىم بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، خىتاي مىللىتىنىڭ «ئىرادىسى»نى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىرادىسىگە تاڭماقچى بولدى. خىتاي مىللى ھۆكۈمرانلىرى بۈگۈن ئۇيغۇرلارنى 80% «ئەخلەت نوپۇس» قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويىدى. خې شىن ئەپەندىنىڭ قاراتمىلىقىقا ئىگە نەزەرىيىسىنىڭ ئەكسىچە ئامېرىكا بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ، تىبەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلدى. شۇڭا خىتاي نەزەرىيىچى خې شىننىڭ ئامېرىكىنى كۈزىتىشى بىلەن بىزنىڭ ئامېرىكىنى كۈزىتىشىمىز پەرقلىق بولدى.

### ئىسلاھات ۋە ھەل قىلغۇچ دەۋر

2006 – يىلى 2 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى ھەل قىلغۇچ دەۋرگە يېتىپ كەلدى. 27 يىللىق ئىسلاھات سىياسىتىنىڭ نەتىجىلىرى، سىياسەت خاراكتېرلىك نۇقسانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشلار بېيجىڭدە بارغانسېرى جىددى تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بىلىم ساھەلىرى، زىيالىيلار پۈتۈن جەمئىيەت، «ئاتاقلىق» خىتاي ئالىملىرى، «نەزەرىيىچىلەر» خىتاينىڭ ئىسلاھات سىياسىتىنى لايىھىلىگۈچىلەر يۇقىرىقى مۇھاكىمىگە ئاكتىپ قاتناشتى .
مۇھاكىمە تېمىلىرى، بىر يۈنۈلۈشلۈك ئىسلاھاتنىڭ غەلبىلىرى، مەغلۇبىيەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمى نىشانى، يۈنۈلۈشى، كەلگۈسى مەنزىرىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا كېڭەيدى .

بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرگەندە، ئىزىم – سوتسىيالىزىممۇ ياكى كاپىتالىزىممۇ دەيدىغان تالاش تارتىشلارغا بازار قالمىغان. ئەمدى بۇگۈن ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىسلاھات توغرىسىدىكى زور مۇھاكىمە يەنە ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان، بۇ ئىشلار جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى .

ئۆتكەن يىلى شىياڭگاڭلىق ئالىم لاڭ شەن پىڭ جۇڭگودا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى ۋە غەلىبىلىرى توغرىسىدا ماقالە يېزىپ مۇنازىرە قوزغىغاندىن كېيىن، جۇڭگو دائىرىلىرى تېببىي – سەھىيە ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تۈزۈلمە خاراكتېرلىك ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مائارىپ ساھەسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى ئېتىرپا قىلدى. نەتىجىدە جۇڭگو قۇرۇۋقلۇقىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇرۇش ياكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. تېخىمۇ كەسكىنلەشتى .

بۇ يىل، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت، تەرەققىياتنى پىلانلايدىغان، خۇ جىنتاۋ بىلەن ۋىنجىاباۋنىڭ ئىلمى تەرەققىيات قارشىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىر يىل ئىدى. جۇڭگو ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ يىل كونىچە مۇقامنى يېڭىچە توۋلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئاتالمىش يېڭى سىياسەت ئەقدىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىر يىل ئىدى. خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاز – تولا يۈزلەنگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ يىل خىتاي مىللىتىنىڭ ئىرادىسىنى قانۇن تۈزۈش تەرتىپلىرى ئارقىلىق خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرىدىغان بىر يىل بولۇپ قالاتتى .

ئىسلاھاتنىڭ ئۆتكەن يىللىق نەتىجىلىرى ئاساسىدا ھۆكۈمەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى باشلىماقچى بولدى. ئەپسۇسكى پىلان – پىلان بولماي قالدى. خىيال يەنىلا خىيال بولۇپ قېلىپ رېئاللىققا ئايلىنالمىدى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىياللىرى ئويلىمىغان يەردىن مۇھاكىمە – مۇنازىرىگە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ

غۇلغۇلىسىغا دۇچ كېلىپ، بۈگۈنكى جۇڭگو ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشىنىڭ ھالقىلىق دەۋرىگە كىرىپ قالدى.
جۇڭگو جەمئىيىتىنى شۇنداق ئۆزگىرىشىنىڭ گىرۋىكىگە كەلتۈرۈپ قويغان جەمئىيەت ھادىسىلىرى نېمە ئىدى؟
خۇ جىنتاۋ رەھبەرلىكىدە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئۇدا ئۈچ يىل تەرەققىي قىلغاندەك بولدى. بىراق، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن مەسىلىلەردە ياراشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىجتىمائىي، سىياسى زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىدىن ئىبارەت ئاجىز تەبەقەلەر ئىسلاھات جەريانىدا ئىقتىسادى، سىياسى مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىدى. ئىسلاھات كەلتۈرۈپ چىقارغان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەۋرىنىشىنى، داۋالغۇشىنى يۇمشۇتۇشنىڭ، پەسكويىغا چۈشۈرۈشنىڭ چارىسى بارمۇ، يوق؟ بۇ مەسىلىلەر بۈگۈن جۇڭگودا ئىنتايىن زور مەسىلە بولۇپ قالدى.
بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تەرىپى شۇكى، ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت گۇرۇھلىرى سوبيېكتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق – مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ يولىنى ئاچتى. ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن سۆز – سۆزلەيدىغان ۋاكالەتچىلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. (ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە كىم ۋەكىل بولۇپ سۆزلەيدىغاندۇر.)
جۇڭگودا ھوقۇق تاۋارلاشتى، ھەتتا جۇڭگودا ھوقۇق بازارغا كىردى. مەمۇرى ھوقۇق بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ مەنپەئەتلىك ھوقۇقلىرىنىڭ بىرىكىشى ئىسلاھاتنىڭ «مەخسەت نىشانى» ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاۋۋالقى ئون يىلدا ھوقۇقتا، قىسمەن دائىرىدە قانۇنغا، ساقچى كالتىكىگە تايىنىپ، كوممۇنىستلارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ئەمدى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. مەنپەئەتكە تاقالغاندا، ئويغانغان خىتاي پۇقرالىرى ئىسلاھاتنىڭ

مەزمۇننى ئۆزگەرتىشنى، ئىسلاھاتقا ئارىلىشىشنى، ئىسلاھاتنىڭ نىشانىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.
20 – ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ ھوقۇق شىمالى مىللىتارىستلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن، شىمال مىللىتارىستلار ئاغدۇرۇلۇپ ھوقۇق گومىنداڭنىڭ قولىغا ئۆتكەن، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ھاكىمىيەت جۇڭگودا كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا ھېچقايسىسى جۇڭگونىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى .
جۇڭگونىڭ مۇتەپەككۇرى لۇشۈن : «جۇڭگودا بىر ئۇستەلنى يۆتكەش ئۈچۈن ھېسابسىز قان تۆكۈلىدۇ، بىراق، ئۇستەل يەنىلا ئورنىدىن يۆتكەلمەيدۇ» دېگەن ئىدى .

**تەيۋەن بوغىزىدا بوران – چاپقۇن ۋە گاڭگىراپ قالغان جۇڭنەنخەي**
2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 2 – كۈنى

27 يىللىق ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ تەجرىبىلىرى خىتاي پۇقرالىرى ئىچىدە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن خۇلاسىلانغان كۈنلەردە، ياپونىيە – جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى يىرىكلەشكەن كۈنلەردە، ياپونىيە – ئامېرىكا دۆلەتلىرى تىنچ ئوكياندا – ياپون دېڭىزىدا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتىنى جورجى بوش ئافغانىستاننى، ھىندىستاننى زىيارەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە، تەيۋەن بوغىزىدا سىياسى بوران – چاپقۇن كۆتۈرۈلدى.
پرېزىدېنت چېن شۈي بيەن ئىككىنچى قېتىم پرېزىدېنت بولۇپ سايلىنىپ ئالتە يىلغا يېقىن ۋەزىپە ئۆتىگىچە تەيۋەن بوغىزىدا قايتا – قايتا بوران – چاپقۇن كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى سىياسى بوران – چاپقۇننى ئۆتكەنكى سىياسى بوران – چاپقۇنلارغا سېلىشتۇرغاندا سەزگۈرلۈك جەھەتتە سەل – پەل ئوخشىماي قالدى. ئاۋۋىلىدە چېن

شۇي بيەن «دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كومىتېتى بىكار قىلىش»، «دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پروگراممىسىنى بىكار قىلىش» توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدى. خىتاي دۆلىتىنىڭ ھازىرقى ئىچكى ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو – ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ھالەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئامېرىكىلىقلار تەيۋەن تەرەپكە ئاز – تولا خىزمەت ئىشلىگەندەك بولدى. تەيۋەن تەرەپمۇ خۇي – پەيلىدىن ئاز – تولا يانغاندەك بولدى. «بىكار قىلىش»، سۆز – ئىبارىسىنى «بىرلىككە كەلتۈرۈش كومىتېتىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش» دېگەن سۆز – ئىبارىگە ئۆزگەرتكەندەك بولدى.
«ھۆرمەتلىك» جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى!
تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى دەپ، 50 يىل سۆزلەنگەن ئەمەسمىدى؟ بۈگۈن ئامېرىكىلىقلار تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ سىياسى خىزمەت ئىشلىگەندە، تەيۋەنلىكلەرنى سەل – پەل پەسكويغا چۈشۈرگەندە، نېمىشقا خىتاي دۆلىتىنىڭ باياناتچىلىرى بايانات ئېلان قىلىپ: «ئامېرىكىلىقلار تەيۋەن بوغىزىنىڭ ياكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى دېگەن كونا ئىبارىنى يەنە تەكرارلىمىدى؟ «بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ». جۇڭگونىڭ ئىشتىن سىرتقى مىللەتچىسى خې شىن:«جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىلىقتا ياق دېيىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق كىتابىنى نەشر قىلىپ، جۇڭنەنخەيدىن تارتىپ يەرلىككىچە جۇڭگولۇقلارنى ئامېرىكىلىقتا ياق! دېيىشكە كۈشكۈرتكەن، تۈنۈگۈنكى ياق دېگۈچىلەر، جۇڭگودا، بۈگۈنكى ماقۇل دېگۈچىلەرگە ئۆزگىرىپ قالدىمۇ، يا!
پرېزىدېنت چېن شۇي بيەن «دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كومىتېتىنىڭ پائالىيىتىنى توختىشنى» جاكارلىغاندىن كېيىن، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقنى ياقلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ئۈرلەشكە باشلىدى. سابىق پرېزىدېنت لى دېڭخۇي تەيۋەن «ئىتتىپاق پارتىيىسى»نى ھەرىكەتكە

كەلتۈرۈپ، يېڭى ئاساسى قانۇن تۈزۈشنى تەرغىپ قىلىپ توختىماي تەيۋەننىڭ قانۇنلۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانىغا قاراپ بىر قەدەم تاشلىدى.
بۇگۈن جۇڭگونەنخەي تەيۋەن مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت سىياسى مەخسەتلەرنى ئاشكارىلاش بىلەنلا ھەل بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى. جۇڭنەنخەي ئاۋلىدە: پرېزىدېنت چېن شۈي بيەن قانچە قىلغان بىلەنمۇ ۋاشىنگتۇننى رەنجىتىشكە جۈرئەت قىلمايدۇ، تەيۋەن بوغىزىدا كۆتۈرۈلگەن سىياسى بوران – چاپقۇن، ھەرقاندقا بىر تەرەپكە زەرەر يەتكۈزمەي ئاخىرلىشىدۇ دەپ، ئويلىغانتى .
«بىكار قىلىش» دېگەن ئىبارىنى چېن شۈي بيەن «بىرلىككە كەلتۈرۈش كومىتېتىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش» دېگەن ئىبارىگە ئالماشتۇرۇپ جاكارلىغاندا، جۇڭنەنخەي نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. ھەتتا ئىدىيىۋى تەييارلىقنىڭ يوقلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلدى. قالتىس گەپ! ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە باغلىق سىياسەتلەر مەنزىلىدە جۇڭنەنخەينىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولغان بولسا، قالتىس گەپكەنغۇ؟! قېنى، تۇنۇگۈنكى كۆرەڭلىك؟!
ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن بوغىزىدا يۈز بەرگەن سىياسى بوران – چاپقۇنغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ پەقەت ئېغىزنىڭ ئۇچىدا بولغانلىقى، چېن شۈي بيەننىڭ جاكارلىغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ «بىرلىككە كەلتۈرۈش كومىتېتىنىڭ، پائالىيىتىنى توختىتىش» ئىبارىسىنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىپ پىكىر قىلغانلىقى بىيجىڭنى خاپا قىلىپ قويدى .
قوشلاپ كەلگەندەك، ياپونىيە – جۇڭگو مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتكەن بىر چاغدا، ئامېرىكا – ياپونىيە جۇڭگونى قىياس قىلىنغان دۈشمەن قاتارىغا قويۇپ، ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادا يادرو قوراللىرى بىلەن زەربە بېرىش كۈچى

داۋاملىق كۈچەيتىلىۋاتقاندا، ھەتتا، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن بىلەن ھەمكارلىششى مۇمكىنلىك ئىچىدە تۇرغاندا، يۇقىرىقى پاكىتلار خۇ جىنتاۋ ئەپەندىگە نېمىلەرنى ئېيتىپ بەردى؟ ئامېرىكىنىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تارىخ جۇڭنەنخەينىڭ بەلگىلىرىگە: «بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئورنىنى تىكلىمەكچى بولغاندا، ئۇرۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشكە چارىسىز قالىدىغانلىقى» توغرىسىدا بىر نېمىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن ئىمىش. «ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى» قىلمىسا ياكى شۇنداق ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىسا ئۇنداقتا «جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى» دېگەن سۆزمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالار ئىمىش. لىدىڭخۇي بىلەن چىن شۈي بيەن ئېغۋاگەرچىلىك قىلىۋاتقاندا، ئامېرىكا بۇ دۆلەتنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ تۇرغاندا، ئىچكى جەھەتتە قاتتىق قوللارنىڭ ساداسىغا دۇچ كەلگەندە خۇ جىنتاۋ تەيۋەن سىياستىنى ئۆزگەرتەمدۇ، يوق؟ ھەرىكەت قىلامدۇ، يوق؟ پۈتۈن دۇنيا دىققەت بىلەن كۈزەتمەكتە. ھەرىكەت قىلمىسا يەنىلا خىتاي بولۇپ قالىدۇ.

## تەيۋەن بوغىزىدا چۇقان – سۈرەن ئاخىرلاشتىمۇ؟

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 4 – كۈنى

تەيۋەندە سىياسى ۋەزىيەتنىڭ جىملىقى، تۇيۇقسىز بىر چۇقان بىلەن ھەرىكەتلىك ۋەزىيەت پەيدا قىلغاندا، ئامېرىكا تەۋەپ تەيۋەننىڭ ۋەزىيىتىگە بىرقانچە رەت ئارىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن پرېزىدېنت چىن شۈي بيەن قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ بىر خىل قىياپەتكە كىرىۋالغان .
3 – ئاينىڭ 2 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى سۆز – ئىبارىلىرى قاتتىق بىر پارچە باياناات ئېلان قىلىپ: تەيبى «دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پروپگراممىسى بىكار قىلىنمىدى» دېگەن

مەزمۇندا ئاشكارە بايانات ئېلان قىلىپ مەيداننى شەرھلىشى كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى .

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى تاقەتسىزلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا تەرەپ تەيۋەن بوغىزىدا سىياسى بوران – چاپقۇن كۆتۈرۈلۈشىنى ئەمەس، بەلكى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى خالايتتى . تەيۋەندە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خۇاڭ جى گاڭ: ئامېرىكا، بېيجىڭنىڭ دەرت ئېيتىپ بېرىش بېسىمىغا ئۇچراپ، سۆز – ئىبارىلىرى قاتتىق بايانات ئېلان قىلدى، بۇ بىر مەيدان ئۇقۇشماسلىق دەپ، كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە شۇ ئارىلىقتا ئامېرىكىنىڭ غەيرى – رەسمى ۋەكىللىرى تەيۋەنگە بىرنەچچە نۆۋەت بېرىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ يەردە ئۇقۇشماسلىق دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى .

پرېزىدېنت چېن شۈي بيەن ئويناپ چىققان بىر پەردىلىك كومېدىيە ئەمدىلىكتە ئامېرىكا، تەيۋەن مۇناسىۋىتى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ قويغاندەك بولدى.

خىتاينىڭ دۆلەت ئاتىسى دەپ ئاتالغان سۇنجۇڭشەن، ئۆزىنىڭ ئۈچ مەسىلەك سىياسىتىنى خىتاي پۇقرالىرىغا شەرھلەپ بەرگەندە: «مىللەت تەبىئەت كۈچىنىڭ مەھسۇلى، دۆلەت قوراللىق كۈچىنىڭ مەھسۇلى دېگەن ئىكەن. بۇ يەردە دۆلەت قوراللىق كۈچىنىڭ مەھسۇلى دېگەن سۆزنى خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ بىراق، تارىخى شارائىتنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا قوراللىق كۈچكە تايىنىپ دۆلەت قۇرۇش بەزى ھاللاردا نەتىجىلىك بولسىمۇ، بەزى ھاللاردا نەتىجىلىك بولالماي كەلدى. مەسىلەن، ئافغانىستاندا، ئىراقتا قوراللىق كۈچ ئارقىلىق دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇلدى. قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇلدى. قانداق ۋاستىنى ئىشلىتىپ دۆلەت قۇرۇش رېئاللىقنىڭ تەقەززاسىغا، رېئال مۇمكىنلىكىگە، تارىخى شارائىتقا باغلىق بولىدۇ.

مىنىڭچە ئامېرىكىلىقلارمۇ، تەيۋەنلىكلەرمۇ، ئۇرۇشىغۇ مار جۇڭنەنخەيىنىڭ بەگلىرىمۇ تەيۋەن بوغىزىدا ئۇرۇش پارتلاشنى خالىمايدۇ.
جۇڭگولۇقلار قورال ئىشلەتمەسلىك، تەيۋەنلىكلەر مۇستەقىللىق جاكارلىماسلىق، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن بوغىزىغا قارىتىلغان ئىزچىل سىياستى بولۇپ، قايتا – قايتا تەكىتلەندى. شۇڭا ئارىدىكى مەسىلىلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش جۇڭنەنخەيىنىڭ بەگلىرىمۇ، تەيۋەننىڭ سىياسەتۋازلىرىمۇ ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان شەرت بولۇپ قالدى.
ھەممىمىزگە مەلۇم ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق رىسپۇبلىكىسى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 1979 – يىلى ئىككى دۆلەت «شاڭخەي ئاخباراتى»نى ئاساس قىلغان. ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئارىدىكى بارلىق دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزگەن. ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈش يەنە پەسكويىغا چۈشۈپ قىلىش تەيۋەن سىياسەتۋازلىرىنىڭ سىياسى ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالدى.
قوشۇمچە ئەسلەشكە تېگىشلىك بىر مەسىلىنى قايتا – قايتا ئەسلەشكە، يازمىلىرىمىزدا قايتا – قايتا يېزىشقا توغرا كەلدى. كىتابخانلارنىڭ ھەرگىز تەكرارلاندىغۇ، بۇ جۈملىلەر دېمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن .
مىنىڭچە ئامېرىكا تەيۋەن مەسىلىسى توغرىسىدا جۇڭگوغا قانداق ۋەدە بەرگەن بولسا، جۇڭگو، تىبەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇرىستان توغرىسىدا ئامېرىكىغا قانداق ۋەدىلەرنى بېرىشى مۇمكىن ئىدى؟ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئامېرىكا، جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان مەزگىللەردە، ئامېرىكا ۋە جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 1979 – يىلى 1 – ئاينى ئەسلىگىنىمىزدە، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ سابىق سېكرىتارى خۇياۋباڭ 1980 – يىلى ئوتتۇرىغا قويغان تىبەت مەسىلىسىگە ئائىت

ئالته ماددىلىق سىياسەت، (شىنجاڭ) ئۇيغۇرىستان مەسلىسىگە ئائىت ئالته ماددىلىق سىياسەتنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم .

بۇ سىياسەت مۇنداق ئىدى: (1) تولۇق مەنىدە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش؛ (2) ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش؛ (3) شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ئالاھىدە جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ (4) كۆپلەپ ئىقتىسادى ياردەم بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىش؛ (5) شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم – پەن ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ (6) شىنجاڭغا كىرگەن خىتاي كادىرلارنى مۇددەتكە بۆلۈپ، تۈركۈملەپ ئىچكىرى خىتايغا قايتۇرۇش.

سابىق سېكرىتار خۇياۋباڭنىڭ ئالته ماددىلىق سىياستى كېيىن دىڭ شياۋپىڭ، ۋاڭ چېن گۇرۇھى تەرىپىدىن بۆشۈگىدىلا بوغۇپ تاشلاندى. خۇياۋباڭ «ئاقىلانە» سېكرىتار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا يۇقىرىقىدەك ئالته ماددىلىق سىياسەتنى ئېلان قىلغانمىدى؟ ياق! ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئېلىنىشى لازىم، ئەلۋەتتە .

**«مىللى بۆلگۈنچىلىك» بۇ ئۇقۇمنىڭ تەبىرى توغرىسىدا**

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

نۆۋەتتە خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ لەۋزىدە «مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى» تۈرۈش داۋاملىق توۋلايدىغان سىياسى شۇئارغا ئايلىنىپ قالدى. «مىللى بۆلگۈنچىلىك» ئۇقۇمى خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا قاچان پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئاۋىلىدە، خىتاي ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا ياكى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارشى توۋلايدىغان شۇئارلىرىنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئويۇشتۇرۇلغان، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ

سىياسى ھەرىكەتلىرىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» شۇئارى ھەممىدىن جاراڭلىق توۋلىناتتى .
«مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» يەنى سىياسى ئۇقۇم «مىللى بۆلگۈنچىلىك» 1968 – يىلى 5 – ئايدا ئۈرۈمچىدە پارتلىغان ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدىن كېيىن، خىتاينىڭ سىياسەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن سىياسى ۋە جىنايى ئۇقۇم ئىدى .
1968 – يىلى 5 – ئايدا ئۈرۈمچى شەھرى ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىغا – مەيدانىغا نامايىش قىلغۇچى 2 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى توپلانغان ئىدى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈرۈمچىدىكى تۆت ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ قالغان قىسمى مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە «ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ» ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش ئۈچۈن جاي – جايلاردىن ئۈرۈمچىگە توپلانغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى .
بۇ ھەرىكەت – نامايىشقا رەھبەرلىك قىلغان ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى خىتاي تىلىدا «خۇڭ سەنلىيەن»، ئۇيغۇر تىلىدا «قىزىل 3 – باتالىيون» دەپ ئاتىلاتتى. (شىنجاڭ) ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات – سىياسەت، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان «قىزىل 3 – باتالىيون» ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئالدىنقى سەپ رەھبىرى قازاق ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئارقا سەپتە رەھبەرلىك قىلغۇچى كىشى سىدىقھاجى روزى ئىدى .
ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلىپ «مىللى باراۋەرلىك»، «مىللى تەڭلىك» ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئۇيغۇر – قازاقلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قۇرۇپ بەرگەن ئىسمى بار جىسمى يوق ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تەنقىد قىلىش، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ سىياسى كۈن تەرتىپلىرىگە قويۇلغان ئىدى.

60 – يىللاردا يولغا قويۇلغان ئۇيغۇر – قازاقلارنى ئاچ قويۇپ يوقىتىش – ئاقسۇ باي ناھىيىسىدە ئاچلىقتىن ئۆلگەن 20 مىڭ كىشىنىڭ، ئاقسۇ شايار ناھىيىسىدە ئاچلىقتىن ئۆلگەن 4 مىڭ كىشىنىڭ قاتىلى كىم؟ ۋاڭ ئېنماۋ جاۋابكار بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارغا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ جاۋاب بېرىشى تەلەپ قىلىندى ....

مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ۋە خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» جىنايى ئۇقۇمنى «مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» جىنايى ئۇقۇمىغا ئۆزگەرتتى. «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» قاراتمىلىققا ئىگە ئۇقۇم بولغاندا مەخسۇس ئۇيغۇرلارغىلا قارىتىلغان كونكرېت ئۇقۇم ئىدى. «مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» مەۋھۇم ئابستراكت ئۇقۇم بولۇپ، خىتايمۇ، قازاقمۇ، تۇڭگانمۇ ئوخشاشلا مىللى بۆلگۈنچى بولالايتتى. بىراق، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى يەنىلا تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ بۈگۈنكى كۈندە «مىللى بۆلگۈنچىلىك» سىياسى جىنايەت ئۇقۇمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يەرلەشتۈردى.

«مىللى بۆلگۈنچىلىك» دېگەن ئۇقۇمنىڭ تەبىرى قانداق شەرھلىنىشى كېرەك؟ بۇ ئۇقۇم پەقەت بىر مىللەتنىڭ ئىچىگە قارىتىلغاندىلا ئاندىن ئۇقۇمىغا مۇناسىپ تەبىرگە ئىگە بولىدىغان ئۇقۇم ئىدى. ئۇيغۇر بىلەن خىتاي بىر – بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس مىللى خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئايرىم – ئايرىم مىللەتلەردۇر. خىتاينى قانداقلارچە ئۇيغۇرغا سىڭىلشتۇرغاندا «مىللى بۆلگۈنچى» دېيىشكە بولىدۇ؛ ئۇيغۇرنى قانداقلارچە خىتايغا نىسبەتەن «مىللى بۆلگۈنچى» دېيىشكە بولىدۇ؟ خىتاي تاجاۋۇزچى مىللەت، ئۇيغۇر تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان مىللەتتۇر.

خىتاي ھازىر ھاكىم مىللەت، ئۇيغۇر ھازىر مەھكۇم مىللەتتۇر. ئۇيغۇر خىتاينىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئاسسىمىلاتسىيىسىگە ئۇچرىغان مىللەت. شۇڭا ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت

دۈشمەن بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر. خىتاي ھوقۇقلۇق، ئۇيغۇر ھوقۇقسىز، ئىككى مىللەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھوقۇقلۇق بولۇش بىلەن ھوقۇقسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر. زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغان «مىللى بۆلگۈنچىلىك» ئۇقۇمى بوگۈن تەبىر تاپالمىغان ئۇقۇم بولۇپ قالدى.

## ئاياللار ھوقۇقى ۋە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيتىنىڭ سابىق كاللا كېسەرى، پۈتۈن ھاياتىدا خىتايچە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خوردار بولۇپ كەتكەن ماۋ زېدۇڭ «ئاياللار دۇنيانىڭ تەڭ يېرىمى، جۇڭگو ئاياللىرى ئورنىدىن تۇرغان كۈن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغان كۈنىدۇر» دېگەن. جۇڭگو ئاياللىرى ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزلىرىگە ئالدانغان ئىدى. 1949 – يىلى 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا مۇستەملىككە ھاكىمىيتى تىكلەنگەندىن كېيىن، «ئاياللارنى قازان بېشىدىن ئازاد قىلىش» شۇئارىنى سىياسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەزەلدىن ئېتىز – ئېرىق، ھويلا – ئارام ئەمگەكلىرىگە ئارىلاشمايدىغان ئۇيغۇر ئاياللار، دالىلاردا، ئېتىز – ئېرىقلاردا ئېغىر ئەمگەككە، ھەتتا، ئاياللارنىڭ جىسمانىي كۈچى يار بەرمەيدىغان ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئوما ئورۇشقا سالدى. خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر ئەرلەرنى قوشقا قاتقان بولسا، ئۇيغۇر ئاياللارنى سۆرەمگە سالدى. قىش كۈنلىرى ئۇيغۇر ئەرلەرنى ھاشاغا ھەيدىسە، ئاياللارنى ھەم ھاشاغا ھەيدىدى. ئېشەككە تاغار ئارتىپ توپا توشۇيدىغان، زىرائەتلەرگە ئوغۇت توشۇيدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پولات تاۋلاش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش دەيدىغان سىياسەتلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ كۈندىلىك

ئادىتىگە ئايلانغان يىللاردا، ئېشەكلەر ئېغىر ئەمگەككە چىدىماي، سۇ ئامبىرى ياسايدىغان تاغ جىلغىلاردا ئۆلۈپ تۆگىگەندىن كېيىن، تاغار يۈتكۈزۈپ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلەتتى .
تويا توشقۇزۇلغان تاغارلارنى ئۇيغۇر ئاياللىرى دۈمبىسىدە كۆتۈرۈپ، ئۆرلەپ تۇرغان سۇ ئامبىرىنىڭ قاشلىرىغا چىقاتتى. ئېغىر ئەمگەككە قاتناشقان ئۇيغۇر ئاياللىرى زىلك بولۇپ كېتەتتى. بويىدىن ئاجراپ كېتەتتى، بالىياتقۇلىرى چىقىپ كېتەتتى. مانا بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى قازان بېشىدىن ئازاد قىلدىغان، خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى بەلگىلىگەن سىياسەتنىڭ ھەقىقى ئەپتى بەشىرىسى ئىدى. (يېقىر 1964 – يىلى تۇرپاندا يېرىم يىل دېھقانلار بىلەن بىللە ئەمگەككە قاتناشقان. شۇ چاغدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سوتسىيالىستىك تەلىم – تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىسلەر دەپ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ «يەتتە بۇلاق» يېزىسىغا ئېلىپ چۈشكەن ئىدى) .
خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيتى «دۆلەت ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ» دېدى. «ئۆي – ئوچاقلىق بولۇش مۇناسىۋەتلىرىنى تەبىئەت بەلگىلىگەن» دېدى – يۇ، ئەمەلىيەتتە نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ئەمەلىيەتتە، تەبىئەت ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئاتا قىلغان تەبئى ھوقۇق، جۈملىدىن ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇش ھوقۇقى، پەرزەنت كۆرۈش ھوقۇقى، نەسىل قالدۇرۇش ھوقۇقى، بالا تەربىيلەش ھوقۇقى قاتارلىق تەبئى ھوقۇقلارنى تارتىۋالدى.
1988 – يىلى خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈش سىياستىنى يولغا قويۇپ، توي قىلىش يېشىغا يەتكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئۇيغۇر جۇگانلارنى نازارەت قىلىدىغان پايلاقچىلارنى، كىندىك ئانا غالچىلارنى يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن تەربىيلەپ، تۇغۇتلۇق جۇگانلارنى

نازارەت قىلدى. سەككىز ئايلىق، ئالتە ئايلىق قوساق كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئۇستەل ئۇستىگە ياتقۇزۇپ خىتاي قاسساپلىرى «قىڭراق» بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ قوسۇغىدىكى بالىسىنى سۇغۇرۇۋالدى.
1997 – يىلى شايار ناھىيىسىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا ئامان – ئېسەن كۆزەيگەن بىر جۇگاننىڭ بالىسىنى كىندىك ئانا يەنى پىلانلىق تۇغۇت غالچىسى تەييارلاپ قويغان تەشتەكتىكى سۇغا بېسىپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ھۇشسىز ياتقان ئانىنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپ بالاڭ ئۆلۈك تۇغۇلدى، دېدى.
1998 –يىلى ئاقسۇ شەھرىنىڭ ئايكۆل يېزىسىدا بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئېتىز – ئېرىقتا ئەمگەككە چىقىپ كەتكەن دادىسى قايتىپ كەلگەندە، سۇپىدا ئۆلۈك ياتقان ئايالىنى تۇغۇلۇپ بولغان لېكىن، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن نارسىدە ئوغلىنى كۆردى. بۇ كىشى پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، پىلانلىق تۇغۇت غالچىسى ساجىمخاننى ئۆلتۈردى. خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى بۇ يىگىتكە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئانا تۇغۇت ئازابىدا ئۆلدى... بالا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى... دادا خىتاي كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى... ساجىمخان بالىنىڭ دادىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مۇستەبىت خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ئۈچ كۈن ئىچىدە تۆت نەپەر ئۇيغۇرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.
ئىشتىن كېيىن خىتاي ۋاڭ لې چۈەننىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى غالچا ساجىمخاننى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ «قەھرىمان پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىسى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن تارتۇقلىدى. «پالتىنىڭ سېپى ئۆزىدىن، ئۆزنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشنى قورۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 55 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرىستاندا قايسى ۋەھشىلىكنى ئىشقا سالمىدى؟ ئەجدادلار داۋاملىق تەكرارلىغان بىر سوئالنى تەكرارلايمەن. قاچان ئويغىنىسەن، ئۇيغۇر خەلقى!

خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئىسلاھات سىياستى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاران – ئاران مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماددى ۋە مەنىۋى قۇرۇلمىسىنى ھەتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ قۇرۇلمىلار ئاز – تولا ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىدى. مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قاراشلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، خىتايلارغا ھازىرغىچە ئالدىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى ھاكىم مۇتلەق خىتاي مىللىتىنىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە ھەم مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر مىللىتى ناھەقچىلىقنى كۆرگەندە پىچاق كۆتۈرۈپ چىقىدىغان مىللەت ئىدى. زوراۋان سىياسەت ئۇيغۇرلارنى ئۈمىدسىز، زەئىپ – زەپىران، ھاڭۋاقتى – ئەبگاھ، ماڭقۇرت، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان قىسقىسى ئىسيانكارلىق روھىنى يوقاتقان بىر مىللەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويماقچى بولدى.
ئىستىقبال توغرۇلۇق ئويلانمايدىغان، كەلگۈسىنى يارىتىشنىڭ كويىدا بولمايدىغان، نېشەكەشلىك، خىروين كەشلىك، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولمايدىغان، تەقدىرنى يارتىش يولىدا ئىزدەنمەيدىغان بىر ھالدا ئۇيغۇر خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلغان خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيتى ۋاقىت بىلەن زامان ئىچىدە يەنى قانداق بىر خىل مىللى روھنىڭ يېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان مۇستەملىكچى ھاكىمىيەت ئىدى.

**ھالۇ – دەردىنى سۆزلەپ بېرىش دىپلوماتىيىسى**

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 10 – كۈنى

بېيجىڭدە ئىككى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. مۇستەملىكچى خىتاي پارتىيىسى قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، يېڭى بەش يىللىق پىلاننى تۈزگەندە: «تەيۋەن جۇڭخۇا خەلق رىسپۇبلىكىسى مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېگەن بىر مەزمۇننى بەش يىللىق پىلان ئىچىگە كىرگۈزمەكچى بولدى. كىشىلەر مۇستەملىكچى خىتايلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى

«بىر جۇڭگو ئۇقۇمى»نىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تارايتىشتىن دېرەك بەردى دەپ، كۆرسەتتى .
لېكىن سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر تەرەپ شۇكى، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ تەيۋەن ئارىلىدىكى چىن شۇي بيەننىڭ ئېغىۋا خاراكتېرلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىققانلىقى تولىمۇ قىزىقارلىق بىر ئىش بولدى. تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا ياۋروپا پارلامېنتى بايانات ئېلان قىلغان بولدى، كاتىپ ئەننان ئەپەندى تەيۋەن بوغىزى ۋەزىيىتىگە ئىپادە بىلدۈرگەندەك بولدى. ھەتتا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىمۇ تەيۋەن بوغىزى ۋەزىيىتىگە ئىپادە بىلدۈرۈپ يۇقىرىقى دۆلەتلەرگە يېقىن ئەگەشتى.
تەيۋەن ئارىلىدىكى دېموكراتىيە – تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ قىلمىشلىرى تەنقىد ئاستىغا ئېلىپ، مۇستەملىكچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە سۆزلەپ بېرىپ، دېپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى، ھالۇ – دەردىنى سۆزلەپ بېرىش دېپلوماتىيىسىگە ئايلاندۇرۇش كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى ۋە چۆچۈتتى. ھەيران قالدۇرغان تەرىپى شۇ بولدىكى، خۇ جىنتاۋ، ۋېنجىاباۋ ئەپەندىلەر باشقا دۆلەت دېپلوماتلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، تەيۋەننىڭ «كەپسىزلىكى» گەپ ئاڭلىمايۋاتقانلىقى توغرىسدا ھال ئېيتىپ بەردى، كىشىلەرنى چۆچۈتكەن تەرىپى شۇ بولدىكى، قاچانكى دېھقان داھى ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمىن راۋىقىدا: جۇڭگولۇقلار ئورنىدىن دەست تۇردى، دېگەن كۈندىن باشلاپ تاكى يېقىنغىچە جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى، تەيۋەن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەرقانداق دۆلەت ۋە ھەرقانداق چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، تەيۋەن مەسىلىسىنى ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز، قورال ئىشلىتىش ھوقۇقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دەپ، تەكرارلاپ كەلگەن. بەزىدە ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق مەيدانىنى شەرھىلىگەن، بەزىدە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى دېگەن ئەمەسمىدى؟

«دۇنيا گېزىتى» 9 – كۈنى «باشقا دۆلەتلەرگە (هال ئېيتىپ بېرىش)، بولۇپمۇ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا (هال ئېيتىپ بېرىش)، (ئامېرىكىنىڭ قولى ئارقىلىق زىددىيەتلەرنى يۇۋاشلاشتۇرۇش)، تەيۋەن مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەلكى، خىتاي (مۇستەملىكچىلىرى) ياپونىيىنىڭمۇ تىنىمسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا ھال ئېيتىپ بەردى» دەپ، كۆرسەتتى .

ئاساسسىز كۆرەڭلىك بىلەن مەدەنىيەتسىز ھاكاۋۇرلۇقنى سىياسەت ساھەسىدە تازا ماشلاشتۇرالمىغان جۇڭگولۇقلار ئەمدى بۇگۈن دۆلىتىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈپ باشقىلار «ھال » ئېيتىپ بېرىپ، تېشى پال – پال، ئىچى غال – غال بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

ئەزەلدىن يەنى 55 يىلدىن بېرى ئۆز – ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسلىق مۇقامىنى دىپلوماتىيە ساھەسىدە تەكىتلەپ كەلگەن جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى، نېمشقا كىشلەرنىڭ ئېگىرا ئاجىز دۆلەت تەسىراتى پەيدا قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە ھالۇ – دەردىنى سۆزلەپ بېرىدىغان دىپلوماتىيە ۋاستىسىنى تالىلىۋالدى؟ دەپ، سوئال قويۇشتى كىشلەر.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى دۆلىتى ئىقتىسادى جەھەتتە باش كۆتۈرۈپ، دۇنيانىڭ ھۇشيار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دۆلەت ئىچىدە غالجىر خىتاي مىللەتچىلىكنى، دۆلەتچىلىك ئىدىيىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاتالمىش تىنچلىق پەرۋەرلىكنى خەلقئارا جەمئىيەتكە تارقىتىپ، «جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسى»نىڭ دۇنياۋى تەسىرىنى تازىلىماقچى بولدى. باشقا دۆلەتلەر دىپلوماتىيىسىگە سىلىشتۇرغاندا، خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياستى شۇڭا خەلقئارا جەمئىيەتكە ھالۇ – دەردىنى سۆزلەپ بېرىدىغان دىپلوماتىيە بولۇپ قالدى. تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە ئۇرۇشنى خالىمايدىغان خەلقئارا جەمئىيەت بېيجىڭنى قوللاپ ئىپادە بىلدۈرۈپلا قالماستىن بېيجىڭنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى ئوخشاشلا ۋاقىتتا مەدھىيەلىدى.

بىراق، بېيجىڭ دائىرلىرى ھالۇ – دەردىنى سۆزلەپ بېرىش دىپلوماتىيىسىنىڭ قوش تەرەپلىك خىرىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ خىرىس قىلىشىغا دۇچ كەلدى. تەنقىدى نەزەر بىلەن جۇڭگوغا قاراش ئىدىيىلىرىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە پىشىپ يېتىلىشى مەسىلەن، ئامېرىكا، جۇڭگو سودىسىدا تەتۈر پەرىقنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، خىتاينىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىغا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ 27% باج قويۇشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق پۇلىنىڭ كۇرسىنى ئۆرلىتىشنى تەلەپ قىلىش، كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ جۇڭگودا كۇنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن قارشىلىشىشنىڭ ئامېرىكىدا ئۆرلەۋاتقانلىقى قاتارلىق خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. ئىككىنچىدىن، جۇڭگودا ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ كۆڭۈلسىز تەرەققى قىلىشى مۇستەملىكچى سولچىلار ۋە مۇستەملىكچى مىللەتچىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە بۇ سولچىلارنىڭ جۇڭگودا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇشى، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسىمدا مىللەتچىلىكتىن، خەلقئارادا سىياسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، سولچىلارنىڭ بۇگۈن خۇ جىنتاۋنىڭ تاشقى سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشى جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى دۇچ كەلگەن ئىككىنچى خىرىس بولۇپ قالدى.

**ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى ئۆتكۈزۈلدى**

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

14 – كۈنى سائەت بەشتىن توققۇز يېرىمغىچە ئامېرىكا دكلەت مەجلىسدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىش ئامېرىكا تارىخىدا تۇنجى ئىش، شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ مىللى ھاياتىدا يۈز بەرگەن تۇنجى ئىش دەپ، تەرىپلەندى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى پائالىيىتىنى كىم تەشكىللىدى؟ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى كىشىلىك

ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى تام لەنتوۇس ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسى، ئىشخانا مۇدىرى خانىس ئەپەندى بىلەن «خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە فوندى» جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى رابىيە قادىر قىزى، دوكتور رىشات ئابباسلار بىرلىكتە تەشكىللىدى. ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار ھەر جەھەتتىن قوللاپ – قۇۋۋەتلىدى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلار قوللاپ – قۇۋۋەتلىدى.

ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى، ئۇيغۇر مۇزىكانتى كۆرەش كىكسەن، تاشكەنتە ياشىغان ئۇيغۇر مۇقامچىسى سۇلتان مەمەتوپ، يەركەنت ئۇيغۇر ناھىيىسىنىڭ «يەركەنت بۇلبۇللىرى» ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسلىرى ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇنگە قاتناشتى. دۇتتار، تەمبۇر، غېجەك، داپ ئارقىلىق نومۇرلارنى ئورۇنلاپ، سەنئەتكارلىرىمىز ئۇيغۇرنىڭ ناخشا – مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى زالىدا كۆرسەتتى ۋە ئاڭلاتتى. ناخشا – مۇزىكا سادالىرى، ئۇيغۇرنىڭ ھەسرەتلىك سادالىرى قوشۇلۇپ، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق تەلەپلىرى كارىدور بويلاپ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ، سەنەتورلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى .

پاشا تۆرەم ئاپپاي، خالىدە خانىم، خۇرشىدەم خانىم، دىلبەرخانىم، سۇررەييە خانىم، گۇلھايات خانىم قاتارلىق خانىم – قىزلار ئېتىپ كەلگەن مەزىلىك ئۇيغۇر تائاملىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك – ئىچمەك مەدەنىيىتى زال ئىچىدە كۆرگەزمە قىلىندى. مىزىلىك تاماقلارنىڭ مىزىلىك پۇراقلىرى مېھمانلارنى تېتىپ بېقىشقا ئالدىراتتى .

ناخشا – مۇزىكا ئۇسسۇل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى – ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ياش قىزلىرىمىز، ياش بوغۇنلىرىمىز شۇنداق چىرايلىق ئويىندىكى، شۇنداق نەپىس ئويىندىكى ئۇيغۇرنىڭ ئۇسسۇلىنى؛ ئارتىست قىزلار، ئوغۇللار گويا باغچىدا گۇل ئارىسىدا ئۇچۇپ يۇرگەن كېپىنەكلەرگە ئوخشاپ قالدى. بۇ كېپىنەكلەر ئۆزىنىڭ بېغىدىن، ئۆزىنىڭ گۇللىرىدىن

ئايرىلىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ بۈگۈن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى بۇ كېپىنەكلەرنىڭ باغچىسىغا ئايلاندى. ئۇيغۇر قىزلىرى پاتىگۈل ئۆمەر، گۈلچېھرە خانىملار بۇ قىزلارنى بىرنەچچە ئاي رەفتىست قىلدۇرغان ئىدى.
ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت فوت – سۈرەتلەر ئېكراندا كۆرسىتىلىپ تۇردى. ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت سىزما رەسىملەر تاملارغا تارتىلدى. ئۇيغۇرنىڭ خىلمۇخىل دوپپىلىرى زال ئىچىنى چاقنىتىۋەتتى. دۇتتار، غېجەكنىڭ كىچىك نۇسخىلىرى، راۋاپ، ساتار، تەمبۇر، قالۇن، چاڭ نىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىلىرى قامچا، ئارتىسلارنىڭ كىيىم – كېچەكلىرى، ئۆتەكلىرى، تۇماقلىرى، دوپپىلىرى، ئۇيغۇرنىڭ سەنئىتىگە ئائىت خىلمۇخىل سەنئەت بۇيۇملىرى، ئۇيغۇر پادىشاھلار كەيگەن كىيىم – كېچەك نۇسخىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت خىلمۇخىل مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ھەتتا گىلەم توقۇيدىغان دەستىگاھ قاتارلىقلار ھەممىسى، ھەممىسى ئۇرۇمچىدە بالىلىرىمىز پۇل چىقىرىپ سېتىۋېلىپ ۋاشىنگتونغا پوچتا، دېگۋار ئارقىلىق يوللاپ بەرگەن سەنئەت بۇيۇملىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، بۇ بۇيۇملارنىڭ ئومۇمى باھاسى 180 مىڭ يۈەن خىتاي پۇلى ھېسابلاندى. بۇ پۇل رابىيە قادىر، ئۇرۇمچىدىكى بالىلىرىمىز خەجلىگەن پۇل ئىدى .
ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ئابلىكىم باقى تەييارلىغان، ئۇيغۇرنىڭ 55 يىللىق مۇستەملىككە ھاياتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن فوتو – سۈرەتلەر كارىدور بويلاپ تىزىپ قويۇلدى.
ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مىللى كىملىكى ھەققىدە سىدىقھاجى روزى تەييارلىغان ۋە دولقۇن قەمبىرى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان تارىخى مەدەنىيەت ماتېرىياللىرى «خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە فوندى» جەمئىيىتى تەييارلىغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئېتنوگرافىك ماتېرىياللار ۋە ئېتنىك تەركىب توغرىسىدا تەييارلانغان تارىخى ھۆججەتلىك ۋە سىياسى ھۆججەتلىك ماتېرىياللار ئۈستەل ئۈستىگە

قويۇلدى. ئامېرىكىلىق مېھمانلار بۇ ماتېرىياللارنى بىر پارچىدىن ئېلىپ ئاخىرىدا بارمۇ، يوقمۇ؟ بولۇپ كەتتى. ماتېرىياللارنى ھېچكىم ئالماي بېسىلىپ قالىدىغان ئىشلارنى تولا كۆرگەن سىدىقھاجى روزى بۇ قېتىم ھەيران قالدى.
ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنگە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ كاتىپى باشتىن – ئاخىرغىچە قاتناشتى . قىزىپ كەتكەندە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ئۇسسۇلغا چۈشتى. «كەچۈرۈم» تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ت. كۇمار ئەپەندى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنگە قاتناشتى. ئاۋام پالاتاسى دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كېڭەش پالاتاسى سەنەتورلارنىڭ كاتىپلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى ۋە ۋاشىنگتۇندا ياشاۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار بولۇپ جەمئىي 200 نەپەر كىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنگە قاتناشتى. بىلگىيىدە، ياۋروپا پارلامېنتىدا، لىيوكسومبورگتا 2005 – يىلى 10 – ئايدا فرانسۇز تىلى ئارقىلىق رابىيە قادىرغا تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەن رىسالەت خانىم بىلگىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنگە قاتناشتى .
دوكتور رىشات ئاباس باشتىن – ئاخىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنگە رىياسەتچىلىك قىلدى. «دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق فوندى» جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇيغۇر قىزى ئەلنىگار ئىلتەبىر، ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنگە بېغىشلانغان سەنئەت نومۇرلىرىغا ئېلانچىلىك بولدى. ئۆمەر قانات ئەپەندى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈننى تەشكىللەشتە ئەستايىدىل، بىجانىدىل ئىشلىدى. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇل – قىزلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈننى تەشكىللىگۈچىلەر دۈشمەنلىرىنىڭ ھاقارەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. خىتاي مەخپىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر تىللىق جاسۇسلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى

ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۇيغۇرلارغا تور بېتى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلدى. تور بېتى ئارقىلىق مەخپى خەت يېزىپ ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغۇل – قىزلىرىنى ھاقارەت قىلدى.

ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ئامېرىكىدا جىددىيلەشكەنسېرى، چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇيغۇر تىللىق جاسۇسلارنىڭ غالجىرلىقى بالداقمۇ – بالداق ئۆرلەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم!

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ نوپۇزلۇق رەھبىرى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە نۇتۇق سۆزلىدى:

—— مەن ئاۋام پالاتاسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدىكى ئىشداشلىرىمغا ۋەكىل بولۇپ، يەر شارىدىكى ئەڭ ئەركىن مۇقەددەس ساراي دۆلەت مەجلىسىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىمەن. بىز، دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سىلەر ياشايدىغان يەرنىڭ ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتىمىز ھەمدە سىلەرنىڭ ئۆزۈل – كېسىل ئەركىنلىككە، ئۈزۈل – كېسىل مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن پىكىر قىلىۋاتىمىز، تەرغىبات قىلىۋاتىمىز. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىگە، مەدەنىيىتىگە، دىنى ئېتىقادىغا، ئالەم قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ ياشاشقا ھوقۇقلۇق. بىز ئۇيغۇر خەلقى بىرلىكتە تاكى ئۇلار غەلىبە قىلغىچە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، دەپ كۆرسەتتى.

تام لەنتوس ئەپەندى!

رەھمەت سىلەرگە دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى! ئاخىر يۈرەك سۆزىڭىزنى ئاڭلىدۇق تام لەنتوس ئەپەندى رەخمەت سىزگە!

بۇ سۆز «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» خىتاي بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**ئاق سارايىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى دوكلادى ھەققىدە ئىككى شىڭگىل پاراڭ**

2006 – يىلى 3 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

16 – كۈنى ئاق سارايىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى خەدلى ئەپەندى:
ئەگەر تەيۋەن بوغىزىدا ئۇرۇش پارتلايدىكەن، ئامېرىكا، تەيۋەن، جۇڭگو ھەممە رايون دائىرىسىدىكى دۆلەتلەر پۈتۈنلەي ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
ئۇرۇش توغرىسىدا خەدلى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلارغا بىزنىڭ باھا بېرىشنى قىيىنغا توختايدۇ. بىراق، دوكلادتا: جۇڭگو ئەڭ ئاخىرىدا ئىستراتېگىيىلىك تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ خىل تاللاش ـــ جۇڭگو ھامان بىر كۈنى نۆۋەتتە خەلقلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان ياكى بولىدىغان، تەدرىجى ئۆلغۈيىۋاتقان ئىقتىسادى ئەركىنلىكنى تاللىۋالامدۇ، تاللىۋالامدۇ؟ ھەممە ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان، خەلقنىڭ سىياسى ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشلىرىغا جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولامدۇ، بولمامدۇ، دېگەن تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ، دېيىلدى.
پرېزىدېنت بوش ئاللىبۇرۇن ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ دەپ، كۆرسەتكەن. لېكىن بۇ خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ياخشى سۈپەتلىك مۇرەككەپلىكمۇ ياكى يامان سۈپەتلىك مۇرەككەپلىكمۇ، بۇ توغرىدا بىر كىشى بىر نېمە دېمىدى. ئەمما، دوكلادتا: بەزى ساھەلەردە ئامېرىكا، جۇڭگو ھەمكارلىشالايدۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ بەزى ھەددى – ھەرىكەتلىرى بەزى ساھەلەردە ئامېرىكىنىڭ دىققەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، دېيىلدى.
ئامېرىكىنىڭ دىققەت – ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ساھەلەر توغرىسىدا دوكلادتا مۇنداق دېيىلدى: جۇڭگو رەھبەرلىرى، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ

سىياسى ئەركىنلىك تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىشى لازىم، شۇنداق جاۋاب بەرگەندىلا جۇڭگو جەمئىيىتى مۇقىم بولىدۇ، خەلق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىشقا سالالايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا ۋەزىيەت، خەلقئارا جەمئىيەتكە ئىجابى تۆھپە قوشالايدۇ.

ئاق سارايىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى يىغىنى ۋە بىخەتەرلىك تونۇرسىدىكى دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى ئىككى تۈرلۈك ئاساسلىق مەخسەتتىن تەركىب تاپتى .

1. ئەركىنلىكنى ۋە ئادالەتنى ئىنسانلارنىڭ قەدىر – قىممىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇستەبىتىزىمنى جاھان مىقياسىدا ئاخىرلاشتۇرۇش، دېموكراتىك سىياسىنى ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈرۈش، ئەركىن ۋە ئادىل سودا – تىجارەت ئارقىلىق ھەمدە ئاقىلانە تەرەققىيات سىياستى ئارقىلىق گۈللىنىشنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىش.

2 . دېموكراتىك جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، نۆۋەتتىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە، قىرغۇچى قوراللارنىڭ كەڭ – كۆلەملىك كېڭىيىپ كېتىشىگە، تېررورىزىمغا، تەبىئى ئاپەتنىڭ خىرىسلىرىغا قارشى تۇرۇش بەلكى كۆپ دۆلەت ھەمكارلىقى ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش.

جۇڭگەو يەر شارىدا رول ئوينايدىغان دۆلەتكە ئايلانماقچى بولسا، دېيىلدى دوكلادتا : مەسئۇلىيەتچان، پايدا – زىيان مۇناسىۋەتلىرىگە قاتناشقۇچى دۆلەتلىك رولىنى ئوينىشى لازىم، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ خەلقئارا سىستېمىسىغا كىرىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ۋە ئىلگىرلىتىشى كېرەك دەپ قايتا شەرھلىدى ئامېرىكا.

جۇڭگو ھازىرغىچە تىنچ يول بىلەن تەرەققى قىلىشنى سۆزلەپ ئۆتكەن بەلكى خەلقئارا تەرتىپنىڭ بىر قىسمى بولۇشنىمۇ ئۈمىد قىلغان. بۇنداق «سۆزلەپ ئۆتۈشلەر»نى ۋە بۇنداق «ئۈمىد قىلىشلار»نى نەزەردە تۇتقان ئاق ساراي دوكلادتا: ئەگەر جۇڭگو مۇشۇ يولدا ماڭىدىغانلا بولسا، ئامېرىكا قوللايدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ دەپ، كۆرسەتتى .

www.uyghurbahari.com

ئۇيغۇر باھارى

Uyghur Bahari